


ياچېيكا تۇرمۇشى

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ ش ئۇ ئار كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ.

ھەر ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

# باش بەت

بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى پىلانلىغۇچىلار ۋە ئۇيۇشتۇرغۇچىلار، ئاساسەن، ئۇزاقتىن بۇيان بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر، چەت ئەل ۋە چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ كەلگەن كىشىلەر، قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يادرولۇق مەخپىيىتى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن كىشىلەر، ئوتتۇرىغا چىقىپ ھىلىمۇ - ھېلى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كىشىلەر، ئاساسەن ياخشى ئۆزگەرمىگەن. قاماق مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ئۇنسۇرلار، بەزى سىياسىي لۈكچەكلەر گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قالدۇقلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى باشقا داشقاللار، قىسقىسى، ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلار.

(«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۇەننىڭ بارلىق كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە چىقارغان مۇراجىئەتنامىسى» دىن ئېلىندى)

ياچېيكا تۇرمۇشى

1989 - يىل 7 - سان

# بۇساندا


| | |
|---|---|
| تەشۋىقاتچى | ج ك پ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى........................ 4 |
| | دېڭ شياۋپىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ جۇن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ مۇھىم سۆز قىلدى........................ 7 |
| | ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە چىقارغان مۇراجىئەتنامىسى ........................ 8 |
| | مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقاردى: پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكىنى قوغداش لازىم ............ 11 |
| | ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى (ئوبزور) ........................ 13 |
| | بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ........................ 16 |
| ئىتتىپاقلىق شەجەرىسى | ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى تىنچ - ئىتتىپاقلىق...... ق. مىجىت 27 |
| پارتىيىۋىلىك تەربىيىلىنىش توغرىسىدا | «تۈزەش»، «ياخشىلاش» داۋامىدا ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىشىمىز لازىم........................ 30 |
| گۈل ۋە تىكەن | ئېسىل خىسلەت (تۆت پارچە) ........................ 34 |
| ئاتېئىزم تەربىيىسى | ئىلاھسىزلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا........................ ر. يۈسۈپ 36 |
| پاك - دىيانەتلىك كىشىلەر | پاك - دىيانەتلىك شوجى............ ت. مامۇت، م. تۇردى 40 |
| ئىبرەت بولسۇن | ھۆكۈمەت پۇلىغا كەلۋا قوللۇق قىلغانىنىڭ ئاقىۋىتى ........................ ع. ئابدۇرۇسۇل 42 |
| تەرمىلەر | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دېگەن نام قانداق قويۇلغان؟ (11 پارچە) ........................ 44 |

# ياچېيكا تۇرمۇشى

(ئومۇمي 305- سان)



| | |
|---|---|
| مۇشتىرىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب | پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنى ئېچىپ سايلام ئۆتكۈزگەندە، بەزى پارتىيە ئەزالىرى ھەلىقى ئىشلار سەۋەبلىك يىغىنغا قاتنىشالمىسا، يىغىنغا قاتناشقان پارتىيە ئەزالىرىغا ئۇزىگە ۋەكالىتەن ئاۋاز بېرىشنى ھاۋالە قىلسا بولامدۇ- يوق؟... (تۆت پارچە) 48 |
| رەھبەرلىك سەنئىتى | رەھبىيرىدي خادىملارنىڭ سەھنە پائالىيىتى توغرىسىدا ...................................... م. دانى 55 |
| كاتىباتلىق ھەققىدە ئېكسپېدى | كاتىپلارنىڭ قاتلام ۋە دەرىجىلىرى ............. م. دانى 32 |
| تارىخ ۋە شەخس | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1- قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئۆتقان يولى ........................ 32 |
| پەن ۋە تۇرمۇش | ئەيدىز كېسەللى ئىلىمىزگە تەسىر كۆرسەتمىشكە باشلىدى (5 پارچە) ................................................ 50 |
| بوغدا | «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەھشەر كۈنى ............ 60 |
| ئەينەك | ھەجۋىي رەسىملەر...سالام ئابدۇراخمان ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن 64 |
| مۇقاۋىدا | ئىلاۋىيەر گۈلى.....................ياڭ جىچىڭ فوتوسى |



بۇ ساندىكى بەت بېشى، قىستۇرما رەسىملەرنى مەھەممەت ئايۇپ، سالاملار سىزغان.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

(1989-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى ماقۇللانغان)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى 1989-يىل 6-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىدىن 170 كىشى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزالىرىدىن 106 كىشى قاتناشتى. مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن 184 كىشى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن 68 كىشى، ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ مەسئۇللىرىدىن 29 كىشى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىندىن ئىلگىرى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى 6-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە كېڭەيتىلگەن يىغىن ئۆتكۈزۈپ، 4-ئومۇمىي يىغىننى ئېچىشنىڭ زۆرۈر تەييارلىقىنى قىلدى.

يىغىندا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېقىنقى ئىككى ئايدىن بۇيانقى سىياسىي ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئوقۇغۇچىلار دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ، بېيجىڭدا ۋە بەزى جايلاردا پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئالدىن پىلانلاپ سىياسىي مالىمانچىلىق قوزغىدى. ئۇ بېيجىڭدا ئەۋج ئېلىپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭ قوزغاشتىكى مەقسىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت. بۇ جىددىي سىياسىي كۈرەش داۋامىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارى ۋە قوللانغان بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلىرى زۆرۈر ئىدى ۋە توغرا بولدى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئومۇمىي يىغىن يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ بۇ كۈرەشتە ئوينىغان مۇھىم رولىغا يۇقىرى باھا بەردى، پايتەختتىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىشتا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرىنىڭ ياراتقان غايەت زور تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى.

ئومۇمىي يىغىندا يولداش لى پېڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىغا ۋاكالىتەن بەرگەن «يولداش جاۋ زىياڭنىڭ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى مالىمانچىلىقتا ئۆتكۈزگەن خاتالىقى توغرىسىدىكى دوكلات» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. يىغىن مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: يولداش جاۋ زىياڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھاياتى-ماماتىغا ئالاقىدار ئاچقۇچلۇق پەيتتە مالىمانچىلىقنى قوللاش ۋە پارتىيىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش خاتالىقىنى ئۆتكۈزدى، مالىمانچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ئۇنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان جاۋابكارلىقى بار، ئۇنىڭ خاتالىقىنىڭ خاراكتېرى ۋە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر. ئۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان مەزگىلدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتە بەزى پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يېتەكچى ئىدىيىدە، ئەمەلىي خىزمەتتە روشەن

سەۋەنلىكلەرنىمۇ ئۆتكۈزدى، بولۇپمۇ ئۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن بۇيان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش فاڭجېنىغا پاسسىپ مۇئامىلە قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىدىيەۋى-سىياسىي خىزمەتكە ئېغىر دەرىجىدە سەل قاراپ، پارتىيە ئىشلىرىدا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. يولداش جاۋزىياڭنىڭ يۇقىرىقى ئېغىر خاتالىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئومۇمىي يىغىن ئۇنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسىلىق، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسىلىق، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسىلىق، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزاسىلىق ۋە ج ك پ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ 1- مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ئۈستىدە زۆرۈر تەڭشەش ئېلىپ باردى: يولداش جياڭ زېمىننى مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلىدى، يولداش جياڭ زېمىن، سۇڭ پىڭ، لى رۇيخۇەنلەرنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلىدى؛ يولداش لى رۇيخۇەن، دىڭگۇەنگېنلەرنى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىقىغا تولۇقلاشنى؛ يولداش خۇچىلىنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزالىقى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىقى ۋەزىپىسىدىن، يولداش رۇي شىڭۋېن، يەن مىڭفۇلارنى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىقى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پايتەختتىكى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ جۈن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلىرىنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: بۇ سۆز ئۆتكەننى ئەسلەپ، كەلگۈسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزدىكى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە-تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىزدىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت. ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى داۋاملىق قەتئىي ئىجرا قىلىش، پارتىيىنىڭ 13- قۇرۇلتىيى بەلگىلىگەن «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى داۋاملىق قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ—دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى، ئۇنىڭدا قىلچە تەۋرەنمەستىن، باشتىن-ئاخىر ئىزچىل چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش—دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىزنىڭ يولى، ئۇنى قەتئىي، ئېغىشماستىن، بۇرۇنقىدەك ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك، بېكىنمىچىلىك قىلىدىغان كونا يولغا قايتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. نۆۋەتتە، تۆت چوڭ ئىشنى ياخشى تۇتۇپ ئىشلەشكە ئالاھىدە

ئەھمىيەت بېرىش لازىم: بىرىنچى، مالىمانچىلىقنى ئۈزۈل - كېسىل چەكلەش، ئەكسىلئىنقىلابىي تۈپىلاڭنى تىنچىتىش، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، تۈزىتىش، ياخشىلاش ئىشىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئۇدا، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ئەستايىدىل كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا - ئۆزى خوجا بولۇش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى تەربىيىنى تىرىشىپ قانات يايدۇرۇپ، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي قارشى تۇرۇش كېرەك؛ تۆتىنچى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، چىرىكلەشكەنلەرنى قەتئىي جازالاش، خەلق ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر نەچچە ئىشنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش، خەلقنىڭ پارتىيىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماسلىق كېرەك.

بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم يىغىن. ئۇ، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناپ قالماستىن، بۇنىڭدىن كېيىن پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى قايتا تەكىتلىدى: دۆلىتىمىز مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا - ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرىدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ، دۆلىتىمىز تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرىدۇ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشقا داۋاملىق تۆھپە قوشىدۇ. ئومۇمىي يىغىن شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تۈپىلاڭنى تىنچىتىش يولىدىكى ھەققانىي كۈرىشىنى دۇنيا ئەللىرى خەلقلىرى جەزمەن چۈشىنىدۇ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتى داۋاملىق راۋاجلىنىدۇ.

ئومۇمىي يىغىن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

# دېڭ شياۋپىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ جۇن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ مۇھىم سۆز قىلدى

دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: بۇ ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇشى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئاۋۋال مالىمانچىلىق چىقاردى، كېيىن يەنىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى كومپارتىيىنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىشتا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىملار ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى ناھايىتى يۇقىرى ئېڭىنى ئىپادىلىدى، سىناقتىن ئۆتتى. قىسىملىرىمىزدىكى كادىر - جەڭچىلەر ھاياتىي خەۋپكە ئۇچرىغان پەيتتىمۇ خەلقنى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئۇنتۇمىدى. بىزنىڭ ئارمىيىمىز خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى بولۇشقا، دۆلەتنىڭ پولات ئىستىھكامى بولۇشقا مۇناسىپ. بۇ قېتىمقى سىناق ئارقىلىق ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك قوشۇن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ ئارمىيىمىزنىڭ مەڭگۈ دۆلەتنىڭ قوغدىغۇچىسى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ قوغدىغۇچىسى، خەلق مەنپەئەتىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى ۋەقە بىزنىڭ ئۆتمۈشنى، شۇنداقلا كەلگۈسىنى ناھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ، ئالغا بېسىش داۋامىدا قەدىمىمىزنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ياخشى ھەتتا تېخىمۇ تېز بېسىشىمىزغا، سەۋەنلىكلىرىمىزنى تېخىمۇ تېز تۈزىتىشىمىزگە، ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان تۈزۈپ چىققان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى توغرا بولدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ھەم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش توغرا، بۇنى قەتئىي ئېغىشماي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ئۆزگەرمەيدۇ. لېكىن تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، توغرا قىلغانلىرىمىزدا چىڭ تۇرۇش، سەۋەنلىكلىرىمىزنى تۈزىتىش، يېتەرسىز تەرەپلەردە يەنىمۇ غەيرەت قىلىشىمىز كېرەك. قىسقىسى، ھازىرقىنى يەكۈنلەش، كەلگۈسىنى كۆرۈش كېرەك.

(شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 10 - ئىيۇن سانىدىن ئېلىندى).

# ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنىنىڭ بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە چىقارغان مۇراجىئەتنامىسى

بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى: ھازىر پايتەخت بېيجىڭنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان غەرەزلىك كىشىلەر قەستەن مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپ بۇ خىل مالىمانچىلىق ئەۋجىگە چىقىپ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا ئايلىنىپ كەتتى

ئىنتايىن ئاز ساندىكى توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بەزى كىشىلەرنى قۇتراتىپ خىلمۇ خىل زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ شەھەر رايونى ۋە تيەنئەنمېن مەيدانىغا كىرىپ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىشىنى توستى؛ 100 دىن ئارتۇق ھەربىي ئاپتوموبىل ۋە جامائەت ئاپتوموبىلىنى پاچاقلىۋەتتى ھەم كۆيدۈرۈۋەتتى، كادىر - جەڭچىلەر، قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، ج خ كادىر - ساقچىلىرىنى ھاقارەتلىدى، ئۇردى ھەم باغلاپ كەتتى؛ ئوق - دورا ۋە باشقا ھەربىي مۈئەسسەلەرنى بۇلىدى؛ جۇڭنەنخەيدى، «خەلق» سارىيى، مەركىزىي رادىئو - تېلېۋىزىيە بىناسى، ج خ ئورگىنى قاتارلىق پايتەختتىكى مۇھىم تارماقلارغا چېقىلدى؛ سودا دۇكانلىرىنى بۇلىدى؛ ساقچىلارنىڭ قاراۋۇللۇق ئورنىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ئۇلار يەنە ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ، نەچچە ئون ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى ئۆلتۈردى، ھەتتا ئۇزلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن جەڭچىنىڭ جەسىتىنى ستېرېئولۇق كۆۋرۈكنىڭ رېشاتكىسىغا ئېسىپ قويدى. ئۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىكى مەقسىتى پارتىيە رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت. ئۇلار ئوچۇقتىن ئوچۇق «قولىمىزغا قورال ئېلىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى» دەپ شوئار توۋلىدى، ئوچۇقتىن ئوچۇق «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ 47 مىليوندىن ئارتۇق مۇرىتىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك» دەپ جار سالدى. بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى پىلانلىغۇچىلار ۋە ئۇيۇشتۇرغۇچىلار، ئاساسەن، ئۇزاقتىن بۇيان بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ سىياسىي سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ كەلگەن كىشىلەر. قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يادرولۇق مەخپىيىتى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن كىشىلەر، ئوتتۇرىغا چىقىپ خىلمۇ خىل زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار، ئاساسەن، ياخشى ئۆزگەرمىگەن، قاماق مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ئۇنسۇرلار، بەزى سىياسىي لۈكچەكلەر گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى، «تۆت كىشىلىك

گۇرۇھىنىڭ قالدۇقلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى باشقا داشقاللار. قىسقىسى، ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلار.

ھەممىگە ئايانكى، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھۆكۈمەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ كەلتۈرۈپ چىقارغان مالىمانچىلىقىغا قايتا - قايتا يول قويۇش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ كەلدى. لېكىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇنى ھۆكۈمەتنىڭ ئاجىزلىقى دەپ قاراپ، تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئاخىر ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى قوزغىدى. مۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملىرى تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، بۇ توپىلاڭنى قەتئىي تۈردە تىنچىتتى، ياخشى ئادەملەرگە خاتا ھالدا ئازار بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىگە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قان تۆكۈلۈشتىن ساقلاندى. لېكىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى لۈكچەكلەر بۇنىڭغا قۇلاق سالماي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارغا غالجىرلىق بىلەن تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، مۇنداق ئەھۋالدا بەزى يارىلىنىش ۋە ئۆلۈش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلدى. يارىلانغان ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ بىز كۆرۈشنى زادى خالىمايدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇنداق قىلمىساق، توپىلاڭنى تىنچىتقىلى بولمايتتى، تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ ئېغىر قانلىق ۋەقە يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. نەچچە ئون مىليون ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئون يىللىق ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرى قولدىن كېتىشى، پۈتۈن مەملىكەتنى ئاق تېررورلۇق قاپلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، بۇ توپىلاڭنى كەسكىن تۈردە تىنچىتىش پۈتۈنلەي ھەققانىي ھەرىكەت. ئۇ پايتەخت خەلق ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ۋە تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن.

بىز خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملىرىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر، قوراللىق ساقچى قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەر، ج خ كادىر - ساقچىلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشىغا، خەلق ئاممىسى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائال تۈردە ماسلىشىشىغا ۋە قوللىشىغا تايىنىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ تۇنجى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردۇق. لېكىن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تېخى پۈتۈنلەي تىنچىمىدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيدۇ. ئۇلار يەنە پۇرسەت تېپىپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ھەر خىل جېدەل - ماجىرالارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ مېۋىسىنى قوغدىشى كېرەك. ئۇلار داۋاملىق تۈردە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىشقا پېتىنىدىغان بولسا، بىز ئۇلارغا قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. بىز ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئىگىمىز، قۇدرەتلىك خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىغا، نەچچە ئون مىليون كومپارتىيە ئەزاسىغا، نەچچە ئون مىليون پارتىيە، خەلققە سادىق ئازادلىق

ئارمىيىگە، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېگىمىز. بىزنىڭ ئاز ساندىكى توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار ئۈستىدىن ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىپ، توپىلاڭنى ئۈزۈل - كېسىل تىنچىتىشقا ئىشەنچىمىز كامىل.

بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، خەلق ئامىمىسى ۋە ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار چوقۇم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، توپىلاڭ پەيدا قىلغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى، دوستلارنى يىغىلىپ، دۈشمەنلەرنى كولدۇرلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلماسلىقى لازىم. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىش قۇربىتى يېتەرلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرى ھەممە جايدا ئۈلگە بولۇپ، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىشى كېرەك. كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر خىزمەت ئورۇنلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى يولغا قويۇپ، تەممىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى پائال قوغدىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ئىجابىي يېتەكلەش ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ياش ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاممىغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىشى، پىتنە - ئىغۋالارغا ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەسلىكى، پىتنە - ئىغۋا تارقاتماسلىقى، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئالاقە باغلاشلارنى ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك. ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تىنچ ۋە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلىپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئالغا سۈرەيلى.

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەن**

**1989 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى**

---

(بېشى 31 - بەتتە)

ئۈنۈمىدىن ئۇنۇم ھاسىل قىلىش كېرەك. بۇ — پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل ئىستىلى. بۇنداق ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. نۆۋەتتە، «تۈزەش»، «ياخشىلاش»نىڭ فاكچېنى ئېنىق، تەدبىرمۇ بار، مەسىلە - ئۇمۇمىي ئىشقا تۇتۇش قىلىش، چىڭ تۇتۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز چوقۇم ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتمىغانلىقنىڭ زىيىنىنى چوڭقۇر تونۇپ، «تۈزەش»، «ياخشىلاش»نىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى كونكرېت ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ئۆزىدە مەسىلىسى بارلار «ئۇتنى ئىۋ-زىگە تۇتاشتۇرۇپ»، مەسىلىلەر بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ۋە ھەل قىلىشى كېرەك. دەرۋەقە، ئەمەلىي ئىشقا تۇتۇش قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ئاسان ئىش ئەمەس، قاتتىق باش قاتۇرۇشقا، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز كومپارتىيە ئەزالىرى، دۆلەت مەنپەئەتىنى، خەلق مەنپەئەتىنى، ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى، ئۆز مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىزنى ئويلاپ باقسا قىلا، «تۈزەش» ۋە «ياخشىلاش» ئىشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەش جاسارىتى ۋە ئىشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

# مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقاردى:

# پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پارتىيىنىڭ ئىنتىپاقلىقى، بىرلىكىنى قوغداش لازىم

يېقىندا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر پەيدا قىلغان بۇ توپىلاڭنى تارمار قىلىپ، دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. پاكىتلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قارارىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بۇ سىياسىي كۆرەشتە دۇچ كەلگەن ئەھۋال ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر داۋاملىق پىتنە-ئىغۋا پەيدا قىلىپ ۋە تارقىتىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار، قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى ۋە ج خ كادىر-ساقچىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئوت قويۇشتىن ئىبارەت بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ۋەزىيەت يەنىلا ئىنتايىن جىددىي. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى بۇ كۆرەشنىڭ مۇشكۈللۈكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇپ، بايىقى روشەن بولغان ھالدا كۆرەشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى ئۈزۈل-كېسىل تىنچىتىش، تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشتەك ئومۇمىيلىقنى، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ:

1. بۇ سىياسىي كۆرەشتە سىياسىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە ۋە ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئىي بىردەك بولۇش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە چىقارغان مۇراجىئەتنامىسىنى ۋە توپىلاڭنى تىنچىتىش، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق، بۇيرۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قەتئىي، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پىتنە-ئىغۋالارغا ئىشەنمەي، پىتنە-ئىغۋا تارقاتماي، پارتىيىنىڭ ئىنتىپاقلىقى، بىرلىكىنى قوغداش، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى

ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، ئەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، قەستەن مالىمانچىلىق پەيدا قىلغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش لازىم.

| 2. خىزمەت ئورنىدا باشلامچىلىق بىلەن چىڭ تۇرۇش، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، تۇرمۇش تەرتىپىنى قوغداش لازىم. پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرىنى ئەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشى كېرەك.

3. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ۋە ج خ كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلار يۈكلىگەن مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىش، ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا ئوڭايلىق شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

4. پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئوت قويۇش بىلەن شۇغۇللانغان كومپارتىيە ئەزالىرىنى قاتتىق جازالاش، توپىلاڭنى پىلانلىغان، ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتۇرغان ھامان پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك. جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىشى كېرەك.

5. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى ۋە بارلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرلىرى بۇ قېتىمقى كەسكىن سىياسىي كۈرەش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەققانىيەتنى ئېنىق ئايرىپ، سىناقتىن ئۆتۈپ، فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كۈچلۈك پارتىيىۋىلىك پىرىنسىپى ئارقىلىق پارتىيە ئىنتىزامىنى قەتئىي قوغدىشى ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىشى لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بېجىرىپ، پارتىيە ئىچىدىكى ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىلەرنى داۋاملىق جىددىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، چىرىكلەشكەنلەرنى تازىلاپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ساپلاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن قوغدىشى لازىم.

**مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1989- يىل 6- ئاينىڭ 7- كۈنى**

---

(بېشى 15 ـ بەتتە)
ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم؛ خىزمەت ئورنىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەمىنلەشنى ئاشۇرۇپ، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

# ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى

## — يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش لازىم

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

مالىمانچىلىققا قارشى تۇرۇش ۋە بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ مۇھىم غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلگەن ھالقىلىق پەيتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پايتەختتىكى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ جۈن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلىرىنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن زور ئىلھام بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆز سۆزىدە ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، بۇ قېتىمقى كۆرەشنىڭ خاراكتېرى، پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە بىز قوللانغان تەدبىرنىڭ توغرىلىقىنى چوڭقۇر، مۇپەسسەل تەھلىل قىلدى ھەمدە سىياسىي، نەزەرىيە جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى، بۇندىن كېيىنكى كۆرەش ۋە خىزمەتنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇ پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش — ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىشى.

4- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6- ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، بېيجىڭ شەھىرىدە ۋەقە ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدىن مالىمانچىلىققا، ئاخىرىدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا ئايلىنىپ كەتتى، بەزى شەھەرلەردىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە توپىلاڭ يۈز بەردى. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭ يۈز بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشى بىردەك ئەمەس. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بۇ ۋەقە ھامان چىقاتتى، بۇنى خەلقئارا مۇھىت ۋە جۇڭگونىڭ ئۆز مۇھىتى بەلگىلىگەن. ۋەقە جەزمەن چىقاتتى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس. گەپ ئۇنىڭ بالدۇر ياكى كېيىن چىقىشىدا، چوڭراق ياكى كىچىكرەك چىقىشىدا ئىدى.» «ۋەقە يۈز بېرىشى بىلەنلا، ئىش ناھايىتى ئايان بولدى. ئۇلارنىڭ تۈپ شوئارى ئىككى: بىرى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى يىقىتىش، يەنە بىرى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش. ئۇلارنىڭ مەقسىتى — پۈتۈنلەي غەربلەشكەن بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش.» ئەگەر بۇ قېتىمقى توپىلاڭ قەتئىي، كەسكىن تىنچىتىلمىغان بولسا، نەچچە ئون مىليون ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتى بىراقلا نابۇت بولاتتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مېۋىلىرى ۋە ئون يىللىق ئىسلاھاتنىڭ مېۋىلىرى تامامەن يوققا چىقاتتى، جۇڭگو يېڭىباشتىن جاھانگىرلىكنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالاتتى، پۈتۈن مەملىكەت ئاق تېررورلۇق ئىچىدە قالاتتى. ئىلگىرى بەزى يولداشلار بۇ قېتىمقى ئەك-

سىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنى تىنچىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشى ئېنىق بولمىغان بولسا، ئەمدى سەگەكلىشىشى لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ھەقىقىي رولچىسى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ھەر بىر ھالقىلىق پەيتتە، ئۇ بىزگە يۆنىلىشىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىپ تۇردى. بۇ قېتىم پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرى خەۋپكە دۇچ كەلگەن جىددىي پەيتتە، ئۇ يەنە پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس ئۆتكۈر كۆزىتىش، ئۇلۇغۋار شىجائەت ۋە غەيرەت بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتتى، 40 يىللىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزنىڭ مېۋىلىرى ۋە ئون يىللىق ئىسلاھاتنىڭ مېۋىلىرىنى قوغداپ قالدى.

ھازىر توپىلاڭ تىنچىتىلدى، چوڭ ۋەزىيەت مۇقىملاشتى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە پۈتۈن پارتىيىمىزنىڭ ئالدىغا «ئۆتمۈشنى، شۇنداقلا كەلگۈسىنى نىھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاش» تىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشىنى، قەتئىي تەۋرەنمەستىن پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدا بەلگىلەنگەن لۇشيەننى بويلاپ غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: «پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان تۈزۈلگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» يەنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىز توغرا بولدى، ئۇنى قەتئىي ئېغىشماستىن داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئۆزىدە خاتالىق يوق، ئەگەر خاتالىق بار دېيىلىدىغان بولسا، بۇ خاتالىق تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا دېگەندەك ئىزچىل چىڭ تۇرمىغانلىقتا، ئۇنى تۈپ ئىدىيە قىلىپ خەلقنى، ئوقۇغۇچىلارنى، بارلىق كادىرلار ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلىمىگەنلىكتە كۆرۈلدى. بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ خاراكتېرى — بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ قارىمۇ - قارشىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، مەنىۋى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇشنى سۆزلىمىدۇق ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىزچىل سۆزلىشىمىز كەمچىل بولدى، بۇ جەھەتتىكى ھەرىكىتىمىز بولمىدى.» پۈتۈن پارتىيە بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشى لازىم. بىز بۇنىڭدىن كېيىن جەزمەن يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ۋە تەكىتلىگەن «ئىككى قولدا تۇتۇش» نى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئۇنداقتا، جۇڭگو ئارقىغا يېنىپ، ئىلگىرىكى جەھەتتە ئىشىكنى تاقىۋېلىشتىن ئىبارەت كونا يولغا مېڭىپ قالارمۇ؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «بىزنىڭ بەزى ئاساسىي نەرسىلىرىمىز، تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدىن تارتىپ تا فاڭجېن، سىياسەتلىرىمىز جۈملىدىن ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش

ئىشىمىزغىچە ھەممىسى توغرا بولىدى.
يېتەرلىك بولمىغان يەرلىرى بار دېيىلمىدى-
غان بولسا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش،
ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىز تېخى يېتەرلىك
بولمىدى» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. بۇ مۇھىم
سۆز بىزگە ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىمىزنى
كۆرسىتىپ بەردى. بىز جەزمەن ئىدىيىمىزنى
يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى
ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، تەجرى-
بىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، توغرا
قىلغانلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز،
سەۋەنلىكلىرىمىزنى تۈزىتىشىمىز، يېتەر-
سىز تەرەپلەردە كۈچىشىمىز لازىم. شۇنداق
قىلساق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
داۋامىدا قەدىمىمىزنى تېخىمۇ پۇختا،
تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تاشلىيالايمىز.

نۆۋەتتە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى
تىنچىتىشتا زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى،
لېكىن كۈرەش تېخى تۈگىگىنى يوق. ئاپ-
تونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ئومۇمەن
ياخشى. لېكىن ئىچكى ۋە تاشقى مۇھىتنىڭ
تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت، ئىچكى - تاشقى
دۈشمەنلەر ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەر-
مەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈرۈمچىدە
يۈز بەرگەن «19- ماي» دىكى ئېغىر ئۇرۇش،
چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى تىنچىتىلغاندىن
كېيىن، يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇزۇق
ئادەملەر قالايمىقان بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغا
مۈكۈنۈۋېلىپ، ئىمزاسىز خەت يېزىپ،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت
رەھبەرلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا
زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى،
ھاقارەتلىدى، تەھدىت سالدى، ھەتتا
ئوچۇقتىن - ئوچۇق «19- ماي» ۋەقەسىنى
ئۆۋال بولدى دەپ جار سالدى. ئىنتايىن
ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە ئەك-
سىلئىنقىلابچىلار يەنە داۋاملىق پىتنە -
ئىغۋا تارقىتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي شوئار
ۋە چوڭ خەتلىك، كىچىك خەتلىك گېزىتلەر-
نى چاپلاپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ،
قايتا ۋەقە تۇغدۇرۇپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىش-
قا ئۇرۇنماقتا. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىز-
دىكى ئارمىيە ۋە خەلق ھەرگىز بىخوتلۇق
قىلماسلىقىمىز، سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.
ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى،
پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما ۋە ياش
ئوقۇغۇچىلارنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ
مۇھىم سۆزىنى ۋە «ج ك پ مەركىزىي كومى-
تېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بارلىق كومپارتىيە
ئەزالىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە
چىقارغان مۇراجىئەتنامىسى»نى ئەستايىدىل
ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىدىيىنى بىرلىك-
كە كەلتۈرۈپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق
ئايرىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تۈپ ئاساسىي
پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلاب-
چىلارغا ۋە بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە
قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقى-
مىزنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيە بىلەن
خەلق ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەنگە
بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي
توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ ئۈزۈل - كېسىل
غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىن
كېيىن مالىمانچىلىق يۈز بېرىش ۋە ئەك-
سىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بېرىشنىڭ يوشۇ-
رۇن ئاپەتلىرىنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ تىنچ — ئىتتىپاقلىقىغا
ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك بىخەتەرلىكىگە كاپا-
لەتلىك قىلىشىمىز لازىم. بىز پارتىيىنىڭ
13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئو-
مۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە،
ئىقتىسادىي مۇھىتنى يەنىمۇ تۈزەپ، ئىق-

(ئاخىرى 12 - بەتتە)

# بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى

ج ك پ بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

1989 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

6 - ئاينىڭ 3 -، 4 - كۈنلىرى پايتەخت بېيجىڭدا بىر ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلغان مالىمانچىلىقتىن كېيىن كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملىرىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر، قورالسىز ساقچى قىسىملىرىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ماسلىشىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تېخى پۈتۈنلەي تىنچىتىلغىنى يوق. ئىنتايىن ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلار يەنىلا سۇيىقەست پىلانلاپ، پىتنە - ئىغۋا تېرىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار بۇلىۋالغان قورال - ياراقلاردىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن ئوق ئېتىپ، ئاپتوموبىللارنى كۆيدۈرۈپ، قاراۋۇللۇق پونكىتلىرىنى چېقىپ، سودا دۇكانلىرى ۋە ئاممىۋى سورۇنلارغا چېقىلىپ، ئۆلگىچە جان تالاشماقچى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر جەمئىيەتتە خىلمۇ خىل سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىپ يۈرگەچكە، ئامما ھەقىقىي ئەھۋالنى دېگەندەك بىلمەي، ئىدىيە، ھېسسىيات جەھەتتە بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاممىغا ئېنىق سۆزلەپ، كۆپچىلىككە ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، بۇ توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئېنىق تونۇتۇپ، كۆپچىلىكنى بۇ كۈرەشكە پائال ئاتلىنىپ پايتەختنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان قىلىش كېرەك.

**1. بەزى يولداشلار ئالدىنقى بىر قانچە كۈندە مالىمانچىلىق ۋەزىيىتى بىر ئاز پەسىيىپ قالغانىدى، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ يەنە شەھەرگە كىرىش زۆرۈرىيىتى بارمىدى؟ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى**

شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، گوۋۇيۈەننىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، پايتەختنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، قىسىملارنىڭ شەھەرگە كىرىشى زۆرۈر ئىدى. ئەمەلىيەتتە، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش بۇيرۇقى ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار ھەر كۈنى دېگۈدەك بەلگىلەنگەن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ھەر خىل يوللار ئارقىلىق شەھەرگە كىرىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا باردى. ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار ئارقا - ئارقىدىن شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشقانلىقى ۋە ھەر قايسى تەرەپلەر جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مالىمانچىلىق ۋەزىيىتى پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. لېكىن شۇنى كەسكىن كۆرسىتىپ قويۇش كېرەككى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مالىمانچىلىق

پەيدا قىلىش ھەرىكىتى بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىمۇ قىلىچە ئۆزگەرمىدى.

ئۇلار «يېڭى ھۆكۈمەت» تەركىبىدىكىلەر ئىسلاھاتچىلىكنى، باستۇرماقچى بولغان كادىرلار ئىسلاھاتچىلىقنى ئىچكى جەھەتتىن بېكىتىپ بولدۇق، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى جىم ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ۋەقە تۇغدۇرساقلا، «ھازىرقى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇش» مەقسىتىگە يېتەلەيمىز دەپ جار سالدى.

ئۇلار پائال كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈلگىچەك - مۇتەھەممەلەرنى، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كىشىلەرنى توپلاپ، ئاتالمىش «ئۇچار يولۋاس ئەترىتى»، «پىدائىيلار قىسمى» ۋە «پىداكارلار ئەترىتى» تەشكىللەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنى «نەزەربەنت» قىلىش، «باستىلىيە تۈرمىسىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى»نى قوللىنىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش لازىم دەپ جار سالدى.

ئۇلار چەت ئەللەردىكى ئەكسىيەتچى سىياسىي كۈچلەر ياردەم قىلغان مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشياغا تايىنىپ، تيەنئەنمېن مەيدانىنى ئۇزاق مۇددەت ئىشغال قىلماقچى بولدى، «دېموكراتىيە داشۆسى»نى ئاچتى، ئۇلار بۇنى «يېڭى دەۋردىكى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى» دەپ جار سالدى.

ئۇلار خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىسى ئالدىغا قانداقتۇر «ئىلاھى قىز» ھەيكىلى تىكلىدى، ئۇ ئەسلىدە «ئەركىنلىك ئىلاھى» دەپ ئاتالاتتى، كېيىن ئۇنى «دېموكراتىيە ئىلاھى»غا ئۆزگەرتىپ، ئامېرىكىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى قىلماقچى بولدى.

ئۇلار «مەيداندىكى كۆرەش ئارقىلىق پۈ-تۈن مەملىكەتتىكى كۆرەشكە مەدەت بېرىشىمىز كېرەك» دېيىشتى. ئىنتايىن قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنىڭ مەيداندىن چېكىنىشىگە يول قويمىدى. ھەتتا «كىم چېكىنسە، شۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمىز» دەپ جار سالدى.

ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىم ئولتۇرۇپ تەلەپ قويۇش ھەرىكىتىنىڭ ئۇزاق داۋاملىشالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، 5000 كىشى قاتناشقان «زىيالىيلارنىڭ چوڭ كۆلەملىك ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتى»نى ئۇيۇشتۇرماقچى بولدى. ئەمما ئۇلار زىيالىيلارنى قوزغىتالمىدى، نەتىجىدە پەقەت تۆت كىشى قاتناشقان، 48 سائەتتىن 72 سائەتكىچىلا داۋاملاشقان ئاچلىق ئېلان قىلىش ئويۇنى ئوينالدى.

ئۇلار ئەكسىلئىنقىلابىي قورallıq توپىلاڭ قوزغاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، «ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ» دەپ تەرغىب قىلىپ، «قوراللىق كۈچ» ئۇيۇشتۇرۇپ، تەيۋەندىكى گومىنداڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، «كاللا كېتىشتىن ۋە ئىسسىق قان ئاققۇزۇشتىن ئايانماي، بايراق روشەن ھالدا كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش» توغرىسىدا جار سالدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا پەيدا قىلغان مالىمانچىلىقنىڭ ھەرگىزمۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك تىنچىمىغانلىقنى، بەلكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ بىز بىلەن جان تىكىپ داۋاملىق ئېلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار مۇبادا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىغا يېتىپ كەلسە،

كەڭ ئامىمىنىڭ يەنىمۇ سەپەرۋەرلىككە كېلىدىغانلىقى ۋە تەشكىللىنىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، مالىمانچىلىقنى كەسكىنلەشتۈردى.

6- ئاينىڭ 1- كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدىكى قانۇنسىز تەشكىلات «ئىشچىلار ئاپتونومىيە بىرلەشمىسى» نىڭ بىر نەچچە كاتتىبېشىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يىغىۋالدى. ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بەزى كىشىلەرنى قۇتىرىتىپ، بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنى قورشىۋالدى ۋە بۇ ئورۇنلارغا چېقىلدى.

6- ئاينىڭ 2- كۈنى كەچتە، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قوراللىق ساقچى قىسمىدىن ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىۋاتقىنىغا ئۈچ ئاي بولغان بىر جىپ ماشىنىسى ئۆز ئورنىغا قايتىش يولىدا، سۈرئىتى بەك تېز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ھۆل بولۇپ تېيىلغاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆرۈلۈپ كېتىپ، ئۈچ ئادەم سوقۇلۇپ ئۆلدى، بىر ئادەم ئېغىر يارىلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئوقۇغۇچى يوق ئىدى. بۇ ئەسلىدە قاتناش ۋەقەسى بولۇپ، ئالاقىدار تارماقلار بۇنى بىر تەرەپ قىلىۋاتاتتى. لېكىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر غەرەزلىك ھالدا ئۇنى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ پىلان بويىچە شەھەرگە كىرىش ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ تۈردە پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ شەھەرگە كىرىشتە ئىشلەتكەن يول باشلاش ماشىنىسى ئوقۇغۇچىلارنى قەستەن بېسىپ ئۆلتۈردى دېدى، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنى جەسەتنى بۇلاپ، مېيىت ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلىشقا قۇترىتتى، بۇ بىر مەھەل كىشىلەردە داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، كەيپىياتنى ئىنتايىن جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇلار ئىككى كۈنلۈك قۇترىتىش ۋە داۋراڭ ئارقىلىق توپىلاڭنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇردى.

**2. بەزى يولداشلار 6- ئاينىڭ 3- كۈنى يۈز بەرگەن ئىشنى توپىلاڭ دېگىلى بولامدۇ؟ دەپ سوراۋاتىدۇ**

بۇ مەسىلىگە ئەڭ ياخشى پاكىت جاۋاب بەرسۇن.

6- ئاينىڭ 3- كۈنى سەھەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار پىلان بويىچە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، بەزىلەر داۋراڭ سېلىپ، بەزى كىشىلەرنى قۇترىتىپ، جيەنگومېن، نەنخېيەن، شىدەن، مۇشۇيدى قاتارلىق كوچىلارنىڭ ئېغىزلىرىدا چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللارنى توسۇپ توساق قۇرۇپ، ھەربىي ئاپتوموبىللارنى توستى، جەڭچىلەرنى ئۇردى، ھەربىي ئەشيالارنى بۇلىدى.

سائەت بىر ئەتراپىدا لۇكېچياۋ ئەتراپىدا ئىككى ھەربىي ئاپتوموبىل توسۇۋېلىندى، يەنچىڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ يېنى مەجبۇرىي ئاختۇرۇلدى، تېلېگراف بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ چاقى تېشىۋېتىلدى ھەمدە ھەربىي ئاپتوموبىللار يول ئايرىش توساقلىرى بىلەن قورشاپ قويۇلدى.

تاڭ سۈزۈلۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە، يۈگىدىگېن كۆۋرۈكىنىڭ بېشىدىكى ھەربىي ئاپتوموبىللار ئۆرۈۋېتىلدى. مۇشۇيدېدىكى ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ چاقى تېشىۋېتىل-

دى. چاۋ ياڭمىندا لوكچەكلەر شەھەرگە كىرگەن 400 نەچچە جەڭچىنى چالما كېسەك قىلدى. ليۇ بۇكو، خېگىنېرتياۋ ئەتراپىدىكى ھەربىي ئاپتوموبىللار توسۇۋېلىندى، جەڭچىلەر قورشىۋېلىندى.

سائەت يەتتە ئەتراپىدا، بەزى لوكچەكلەر ليۇبۇكودا قورشاۋ ئىچىدە قالغان ھەربىي ئاپتوموبىللارغا چىقىپ، ئوقى بار پىلىموتلارنى تارتىۋالدى. جيەنگومېنىدىن دۇڭدەنگىچە بولغان ئارىلىقتا شۇنىڭدەك تيەنچاۋ ئەتراپىدا شەھەرگە كىرگەن قىسىملار بۆلۈپ تاشلىنىپ، جەڭچىلەر قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىدى، تاياق يېدى. جيەنگومېن ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىدە بەزى جەڭچىلەر قېپىيالىڭاچ قىلىپ قويۇلدى. بەزى جەڭچىلەر لوكچەكلەرنىڭ تايىقىغا چىدىماي قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

چۈشتىن بۇرۇن، خۇفاڭچياۋ ئەتراپىدا شەھەرگە كىرگەن قىسىملار زەربىگە ئۇچرىدى، جەڭچىلەر قاتتىق ياتاق يېدى، بەزى جەڭچىلەرنىڭ كۆزى ئويۇپ قارىغۇ قىلىۋېتىلدى.

يارىلانغان بەزى جەڭچىلەر دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقاندا توسۇۋېلىندى، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىنىڭ چاقى تېشىۋېتىلدى، يارىدارلار تۇتۇپ كېتىلدى. خۇفاڭ يولىدىن تاۋرەنتېڭغىچە بولغان ئارىلىقتا، 21 ھەربىي ئاپتوموبىل قورشىۋېلىندى، جەڭچىلەر ئوق - دورا يۆتكەۋاتقاندا، مۇھاپىزەت قىلىشقا بارغان خەلق ساقچىلىرى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلدى.

چۈش مەزگىلىدە، فۇيۇ كوچىسىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزى، جېڭيى كوچىسىنىڭ شىمالىي ئېغىزى، شۈەنۋۇمېن، خۇفاڭچياۋ ۋە مۇشۇيىدې، دۇڭسى قاتارلىق كوچا - يوللارنىڭ ئېغىزلىرىدا توسۇلۇپ قالغان ئازادلىق ئارمىيىسى جەڭچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلدى، بەزىلىرىنىڭ پولات قالپىقى، شەپكىسى، يامغۇرلۇقى، سۇدېنى، پوپكىسى بۇلاپ كېتىلدى، بەزى كوچا ئېغىزلىرىدا پىرىسلانغان پېچىنە، كونسېرۋا قاتارلىق نەرسىلەر چېچىۋېتىلدى. ليۇبۇكودا بىر توپ ئادەم قورال - ياراق، ئوق - دورا قاچىلانغان بىر ھەربىي ئاپتوموبىلنى توسۇۋالدى. قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى ئاپتوموبىلنى مۇھاسىرە ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۆپ قېتىم تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن قۇتۇلدۇرالمىدى. ئەگەر بۇ بىر ئاپتوموبىل قورال - ياراق، ئوق - دورا بۇلاپ كېتىلسە، ياكى پارتلاپ كەتسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەساۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. قوراللىق ساقچى قىسىملار پايتەخت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىلاجسىز ئەھۋالدا ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئېتىپ، ئوق-دورا قاچىلانغان ھېلىقى ئاپتوموبىلنى كىشىلەر توپى ئارىسىدىن ئېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا بەزى ئوقۇغۇچىلار يارىلىنىپ، دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر ئۇچۇم توپىلاڭچىلار دۆلەتنىڭ ئىدارە - ئورگانلىرى ۋە مۇھىم تارماقلىرىنى قورشاشقا ۋە بۇ ئورۇنلارغا بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار «خەلق» سارىيى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، رادىئو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭنەنخەي، شىمېن، نەنمېنلارغا بېسىپ كىردى. مۇشۇ ئورگانلارنى قوغداۋاتقان قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ جەڭچىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرىدىن نەچچە ئون ئادەم يارىلاندى.

ئەھۋالنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ

توپىلاڭ پەيدا قىلغۇچىلار تېخىمۇ غالجىرلاشتى. چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ئەتراپىدا، قانۇنسىز تەشكىلات «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاپتونومىيە بىرلەشمىسى» بىلەن «ئىشچىلار ئاپتونومىيە بىرلەشمىسى» دىكى ئاز ساندىكى كىشىلەر تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىغا قىڭغىراق، خەنجەر، تۆمۈر كالتەك، زەنجىر ۋە ئۈچلۈق بامبۇك دادا قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپ، «ھەربىي، ساقچىلارنى ئۆلگىچە ئۇرۇش كېرەك» دەپ جار سالدى. «ئىشچىلار ئاپتونومىيە بىرلەشمىسى» رادىئو ئارقىلىق ئوچۇقتىن ئوچۇق: «قولىمىزغا قورال ئېلىپ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى» دەپ جار سالدى. يەنە بىر ئوچۇم توپىلاڭچىلار 1000 دىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ، شىدەن كوچىسى ئەتراپىدىكى بىر قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ تېمىنى ئۆرۈۋېتىپ، ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇن قۇرۇلۇش سايمانلىرى ۋە پولات چىۋىق، خىش پارچىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇلاپ چىقىپ كوچا جېڭى قىلماقچى بولدى.

قاراپ باقايلى، بۇ توپىلاڭ بولماي نېمە؟ مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، پايتەختنىڭ شەھەر ئەتراپىنى ساقلاۋاتقان ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارغا زورلۇق بىلەن شەھەرگە كىرىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

3. بەزى يولداشلار، قىسىملار شەھەرگە كىرىپ توپىلاڭنى تىنچىتقاندا، نېمە ئۈچۈن قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ يوق پۇقرالارغا ئوق چىقىرىدۇ؟ دەپ سورىدى

ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەندىن بۇيان، ئارقا - ئارقىدىن شەھەرگە كىرگەن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملىرىمىز باشتىن - ئاخىر ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن مۇمكىن قەدەر ساقلاندى. بۇنى ھەممە كىشى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، چوڭ قىسىملىرىمىز شەھەرگە كىرىش ئالدىدا بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىم قوماندانلىق شتابى ئاممىغا زىيان-زەخمەت يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كەچ سائەت ئالتە يېرىمدا «جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، پۈتۈن شەھەر خەلقىدىن ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈشنى، ھازىردىن باشلاپ تالا - تۈزگە چىقماسلىقنى، تيەنئەنمېن مەيدانىغا بارماسلىقنى، ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇشنى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقماسلىقنى تەلەپ قىلدى. بۇ «ئۇقتۇرۇش» رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە ھەر خىل ئاڭلىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق تەكرار ئاڭلىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كەچ سائەت ئون ئەتراپىدا، بۇيرۇققا بىنائەن شەھەرگە يۈرۈش قىلغان ھەر قايسى يۆنىلىشتىكى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شەھەر رايونىغا كىردى. لېكىن، ئاساسلىق يول ئېغىزلىرىدا قاتتىق توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ قىسىملار ناھايىتى ئېغىر-بېسىقلىق قىلدى. لېكىن ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىنى باشلىدى. سائەت 22 دىن 23 كىچە بولغان ئارىلىقتا، سۇيۈەبي يولى، گۇڭجۇفېن، مۇشىيدى دېگەن جايلاردىن شىدەنگىچە

بولغان ئارىلىقتا 12 ھەربىي ئاپتوموبىل كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. بەزىلەر ئاپتوموبىلدا توشۇپ كېلىنگەن خىش بىلەن جەڭچىلەرنى قاتتىق ئۇردى. بەزى توپىلاڭچىلار ترالليبوسنى كوچا ئېغىزىغا ئىتتىرىپ ئاپىرىپ ئوت قويۇپ، يولنى ئۈزۈۋەتتى. ئوت ئۆچۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بەزى ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىللىرىنىمۇ پاچاقلىدى ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

سائەت 23 ئەتراپىدا، خۇفاڭچياۋ دېگەن جايدا ئۈچ ھەربىي ئاپتوموبىل پاچاقلاپ تاشلاندى، بىر جىپ ماشىنا ئۆرۈۋېتىلدى، ئەندىڭمېندىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتە ھەربىي ئاپتوموبىللار قورشاپ توسۇۋېلىندى، چوگۇيمېن كوچىسىدا بىر تۈەن جەڭچى قورشاپ توسۇۋېلىندى. جيەنگومېن ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىدە 30 ھەربىي ئاپتوموبىل قورشاپ توسۇۋېلىندى، بېيجىڭ كۆمۈر سانائىتى مەكتىپىنىڭ غەربىدە 300 نەچچە ھەربىي ئاپتوموبىل قورشاپ توسۇۋېلىندى. ھەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بەزى جەڭچىلەر ۋە كوماندىرلار يېتەكلەش خىزمىتى ئىشلەش ئۈچۈن ئاپتوموبىلدىن چۈشكەندە، قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىدى، قاتتىق تاياق يېدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇتۇپ كېتىلدى، ھازىر ئۇلارنىڭ نەگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. تەنيۈەندىكى سەنيىڭمېندە توسۇلۇپ قالغان ھەربىي ئاپتوموبىللار توقۇنۇشۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شەرق تەرەپتىن ئايلىنىپ مېڭىپ تيەنئەنمېن باغچىسىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا كەلگەندە، يەنە بىر قېتىم توسۇۋېلىندى. تۇرغۇن ھەربىي ئاپتوموبىللار پاچاقلاپ تاشلاندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى. جۇشىكو ئېغىزىدا توسۇلۇپ قالغان بىر ھەربىي ئاپتوموبىلنىڭ ئۈستىگە بىر توپ ئادەم چىقىۋالغاندا، پەستە تۇرغان كادىر سالاپەتلىك بىر ئادەم ئۇلارنى ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ كېتىڭلار، دېۋىدى، ئۇلار شۇ ھامان ئۇ ئادەمنى قاتتىق ئۇردى، ھازىر ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكى ئېنىق ئەمەس.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاڭ سەھەردە ھەربىي ئاپتوموبىللارنى كۆيدۈرۈش ئەھۋالى ئېغىرلاشتى. تيەنئەنمېننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يول، تيەنئەنمېن باغچىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى، چيەنمېندىكى يەر ئاستى تۆمۈر يولىنىڭ غەربىي ئېغىزى، چيەنمېن شەرقىي يولى، فۇيۇ كوچىسى، لىيۇبۇكۇ، شىدەن، فۇشىمېن، نەنلىشى يولى، مۇشۇدى، لىيەنخۇاچى، چىڭخۇاڭجۇاڭ، دۇڭخۇامېن، دۇڭجىمېن شۇنىڭدەك چاۋيالاڭ رايونىنىڭ دابېيياۋ، خۇجيالۇ، بىيدۇ كەنتلىرى، داشىڭ ناھىيىسىنىڭ جيۇگۇڭ يېزىسى قاتارلىق جايلىرىدىكى ئون نەچچە يول ئېغىزىدا توپىلاڭچىلار 100 نەچچە ھەربىي ئاپتوموبىلنى بېنزىن، كۆيدۈرگۈچ بوتۇلكا ۋە ئۆزى ياسىۋالغان ئوت چاچقۇچ قوراللار بىلەن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، ئوت يالقۇنى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. بەزى جەڭچىلەر ئاپتوموبىل ئىچىدە كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتتى، ئاپتوموبىلدىن چۈشكەنلىرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بەزى جايلاردا بىر نەچچە، ئون نەچچە، ھەتتا 20 — 30 ھەربىي ئاپتوموبىلنىڭ بىراقلا ئوت قويۇلۇپ، ئۇ جاي ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتتى. شۈاڭجىڭ يولى ئېغىزىدا 70 نەچچە بىرونېۋىك قورشاۋغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭدىن 20 نەچچىسىنىڭ ئۈستىدىكى پىلىموت توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن چېقىپ تاشلاندى. جىڭيۈەن كوچا ئېغىزىدىن لاۋشەن قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىگىچە بولغان ئارىلىقتا 80 نەچچە ھەربىي ئاپتوموبىل ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

ئاسماننى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كەتتى. بەزى توپىلاڭچىلار قولىغا تۆمۈر كالتەك ئېلىپ، يېنىزدىن تۆگى قاچىلانغان ھارۋىنى ئىتتىرىپ يول ئېغىزلىرىنى توسۇۋېلىپ، ئالدىغا ئۆچۈرۈلگەنلىكى ئاپتوموبىللارغا ئوت قويدى. ئاپتوموبىلدىكى جەڭچىلەر ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرسىمۇ، توپىلاڭچىلار ئۇنىڭدىن تەپتارتمىدى. بىر قانچە توپىلاڭچى فۇشىڭمېن ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى ئەتراپىدا بۇلاپ كەلگەن بىرونېۋىكنى بىر تەرەپتىن ھەيدەپ، بىر تەرەپتىن ئوق چىقاردى. قانۇنسىز تەشكىلات «ئىشچىلار ئاپتونومىيە بىرلەشمىسى» رادىئودا: «بىز بىر ھەربىي رادىئوگرامما ۋە مەخپىي سىگنال دېتېكتورىنى قولغا چۈشۈردۇق» دەپ جار سالدى. توپىلاڭچىلار يەنە ھەربىيلەرگە ئوزۇقلۇق، يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللارنى بۇلاپ كەتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ نەدىلىكى نامەلۇم.

بەزى توپىلاڭچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن ھەدەپ شۇغۇللاندى. شىچېڭ رايونىدىكى يەنشەن قاتارلىق جايلاردىكى ماگىزىنلارنىڭ پوكەي، دېرىزىلىرى چېقىۋېتىلدى. بىر توپ كىشىلەر ماۋجۇشى خاتىرە سارىيىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قارىغايغا ئوت قويدى، بىر قىسىم تىرالليبۇس، ئاپتوبۇسلار، ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرى ھەتتا كىرا ئاپتوموبىللىرىمىز پاچاقلاپ تاشلاندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى. تېخىمۇ زەھەرخەندىلىكى شۇكى، بىر توپ ئادەم بىر ئاپتوبۇسنى تيەنئەنمېن راۋىقىنىڭ كىرىش - چىقىش ئېغىزىغا ئىتتىرىپ ئاپىرىپ ئوت قويۇپ، تيەنئەنمېن راۋىقىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇندى. لېكىن ئوت ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋېتىلدى.

ھەربىي ئاپتوموبىللارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىش ۋە ھەدەپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈرۈشتەك زوراۋانلىق قىلمىشلار ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. ناھايىتى ۋەھشىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلدى.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاڭ سەھەردە، دۇڭدەندىكى يول ئېغىزىدا بىر توپ توپىلاڭچىلار بوتۇلكا، خىش ۋە ۋېلسىپىتلەر بىلەن جەڭچىلەرنى ئۇرۇپ - سوقۇپ، ئۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ يۈز - كۆزىنى قانغا بويىۋەتتى. توپىلاڭچىلار فۇشىمېندا ھەربىيلەرنىڭ بىر جىپىنى توسۇۋېلىپ، جىپتىكى مەلۇم قىسىم خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، زاپخوزى، ئاشپەزى قاتارلىق 12 كىشىنى سۆرەپ چۈشۈپ، زوراۋانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىنى ئاختۇردى، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئۇرۇپ، كۆپىنى ئېغىر يارىلاندۇردى. ليۇبوكودا تۆت جەڭچى قورشاۋغا ئېلىنىپ قاتتىق تاياق يېدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ ھامان جان ئۈزدى. گۇاڭچۈمېن ئەتراپىدا ئۈچ جەڭچى قاتتىق تاياق يېدى، ئۇلاردىن بىرسى ئامما تەرەپتىن قۇتقۇزۇۋېلىندى. قالغان ئىككىسىنىڭ تا ھازىرغىچە ئىز دېرىكى يوق. شىچېڭ رايونىدىكى شىشىنشىڭ دېگەن تار كوچىدا، بىر توپ لۈكچەكلەر 20 نەچچە قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى توسۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئېغىر يارىلاندۇردى، بەزىلىرىنىڭ تا ھازىرغىچە ئىز دېرىكى يوق.

خۇگۇسى كوچىسىدا بىر ھەربىي ئاپتوموبىل توسۇۋېلىنىپ، ئاپتوموبىلدىكى جەڭچىلەر سۆرەپ چۈشۈرۈلۈپ قاتتىق ئۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇرغاق قىلىندى. بىر تۈركۈم ئاپتومات بۇلاپ كېتىلدى. لىق خىش قاچىلانغان بىر ئاپتوموبىل دۇڭجاۋمېن كوچىسى تەرەپ-

تىن تيەنئەنمېن مەيدانىغا ھەيدەپ كېلىندى. ئاپتوموبىل ئۈستىدىكى ئادەملەر «جوڭگولۇق بولساڭ ئاپتوموبىلغا چىق، ئازادلىق ئارمىيىنى ئۇرغىلى بارىمىز» دەپ ۋارقىرىدى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئۇرىدىغان، ئۆلتۈرىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەت تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ بىر تارمىقىنىڭ بىر قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى يارىلانغان سەككىز جەڭچىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، بىر توپ توپىلاڭچى ئاپتوموبىلنى توسىۋېلىپ، بىر يارىدار جەڭچىنى نەق مەيداندا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، يەنە قالغان يەتتىسىنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرىمىز دەپ جار سېلىشتى. چيەنمېن كوچىسىدىكى بىر ۋېلىسىپىت ماگىزىنى ئالدىدا، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئۈچ جەڭچىسى ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇرۇلدى، توپىلاڭچىلار ئۇلارنى ئورىۋېلىپ: «كىم ئۇلارنى قۇتقۇزىدىكەن، شۇنى ئۆلتۈرىمىز» دەپ جار سالدى. چۇڭئەن كوچىسىدا بىر ھەربىي ئاپتوموبىلنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قېلىۋېدى، بىر — ئىككى يۈز توپىلاڭچى بىراقلا ئېتىلىپ كېلىپ كابىنكىنى چېقىپ، شوپۇرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شىدەندىكى تۆت كوچا ئېغىزىنىڭ 30 مېتىر شەرقىدە بىر جەڭچى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپ جەسىتى بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. فۇچىڭمېندا بىر جەڭچى توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جەسىتى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكنىڭ رىشاتكىسىغا ئېسىپ قويۇلدى. چوڭۋېنمېندا بىر توپ توپىلاڭچى بىر جەڭچىنى ئاسما كۆۋرۈك ئۈستىگە سۆرەپ چىقىپ، كۆۋرۈكتىن تاشلىۋەتتى. ئاندىن بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. توپىلاڭچىلار بۇ «چىراغ ياققانلىق» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

غەربىي چاڭئەن كوچىسىدىكى پايتەخت كىنوخانىسى ئەتراپىدا لۈكچەكلەر ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىر كوماندىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قارنىنى يېرىۋەتتى، كۆزلىرىنى ئويۇۋالدى. جەسىتىنى كۆيۈۋاتقان بىر ھەربىي ئاپتوموبىلغا ئېسىپ قويدى. يەنە بىر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋەتتى. جىنسىي ئەزاسىنى كېسىۋەتتى. جەسىتىنى مۇداپىئە قانىلىغا تاشلىۋەتتى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن بۇيان، 450 تىن ئارتۇق ھەربىي ئاپتوموبىل، ساقچى ئاپتوموبىلى ۋە ئاپتوبۇس توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ھەربىي ئاپتوموبىل 180 دىن ئارتۇق، بىرونېۋىك 40 نەچچە، ساقچى ئاپتوموبىلى 90 نەچچە، ئاپتوبۇس، تراللېيبۇس 80 نەچچە ۋە باشقا ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى 40 نەچچە. بىر تۈركۈم قورال - ياراق، ئوق - دورىلار بۇلاپ كېتىلدى. ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىم جەڭچىلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىدىن نەچچە مىڭ كىشى يارىلاندى، يۈزدىن ئارتۇق كىشى ئۆلدى. ئۇلار جۇمھۇرىيەتنى، ئاساسىي قانۇننى، خەلقنى قوغداش ئۈچۈن ئىسسىق قېنىنى تۆكتى، ھەتتا قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى خەلق مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ.

يۇقىرىقى ئېغىر بەدەل ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ ئىنتايىن سەۋر قىلغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى ئەڭ قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بولمىسا قىسىملاردىن يارىلانغان، ئۆلگەن -

لەرنىڭ سانى شۇنچە كۆپ بولامتى؟ قىسىملارنىڭ زىيىنى شۇنچە زور بولامتى؟ بۇ قىسىملىرىمىزنىڭ خەلق ئارمىيىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ خەلقنى قوغداش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەمدۇ؟ لېكىن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش، تېخىمۇ زور زىياننىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار چىقىم ئېغىر بولغان، سەۋرى - تاقەت قىلغىلى بولمىغان، يەنە يول قويۇشقا بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالغا ئىلگىرىلىشى ناھايىتى قىيىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئوق چىقىرىپ يول ئېچىشقا، قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، بەزى ھەددىدىن ئاشقان لۈكچەكلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، لېكىن ئولىشىۋالغان ئامما ۋە نەق مەيداندىكى ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ماشىنا سوقۇۋېتىپ، بەزىلىرى قىستا - قىستاڭدا قىستىلىپ ياكى بەزىلىرىگە غايىب ئوق تېگىپ توپىلاڭدا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى، 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. كۆپچىلىك بۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشىنى خالىمايتتى. ئورۇنسىز يارىلانغان ئاممىغا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن، ھۆكۈمەتنىڭ، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ ھېسسىياتى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئوخشاش، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

4. ھازىر، جەمئىيەتتە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن: «تيەنئەنمېن قانغا بويالدى» دېگەن گەپلەر كەڭ تارقالماقتا، بۇ تامامەن ئېغۋا

ھەقىقىي ئەھۋال مۇنداق: ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار مەيدانغا كىرگەندىن كېيىن، ئەتىگەن سائەت بىردىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار قوماندانلىق شتابى مۇنداق جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى: «پايتەختتە بۈگۈن كەچتە ئېغىر ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. توپىلاڭچىلار ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىگە ۋەھشىيلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى، قورال - ياراقلارنى بۇلاپ كەتتى، ھەربىي ئاپتوموبىللارنى كۆيدۈرۈۋەتتى، يوللارنى توسىۋالدى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى تۇتۇپ كەتتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خېلى كۈنلەردىن بۇيان يۈكسەك دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئەمدى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىدۇ. پايتەختتىكى پۇقرالار ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش بۇيرۇقىدىكى بەلگىلىمىگە رىئايە قىلىشى ھەمدە ئازادلىق ئارمىيىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئاساسىي قانۇننى قەتئىي قوغدىشى، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى ۋە پايتەختنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغدىشى لازىم. نەسىھەتنى ئاڭلىمىغانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنمايدۇ. بارلىق ئاقىۋەتكە تامامەن ئۆزلىرى مەسئۇل.»، بۇ جىددىي ئۇقتۇرۇش يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدا قايتا - قايتا ئاڭلىتىلدى. ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئاڭلىتىلدى. مەيدانغا ئولىشىۋالغان ئاممىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مەيداندىن تېزلىك بىلەن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا مەيداندا جەم ئولتۇرۇۋالغان بىر قانچە مىڭ ياش ئوقۇغۇچى قالدى. ئۇلار مەيداننىڭ جەنۇب

تەرەپتىكى خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىسى ئەتراپىغا يىغىلدى. سائەت ئۈچ ئەتراپىدا، ئۇلار ۋەكىل ئەۋەتىپ: ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارغا مەيداندىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار بۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تاڭ سەھەر سائەت تۆتتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، مەيداندا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار قوماندانلىق شتابىنىڭ: «ھازىردىن باشلاپ مەيدان تازىلىنىدۇ، ساۋاقداشلارنىڭ مەيداندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش سادالىرىغا قوشۇلدۇق» دېگەن ئۇقتۇرۇشى ئاڭلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار قوماندانلىق شتابىنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ نورمال تەرتىپىنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئاڭلىتىلدى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «1. مەيداندىكى بارلىق خادىملار رادىئونى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەيداندىن دەرھال چىقىپ كېتىشى كېرەك. 2. ئەگەر بەزىلەر بۇ ئۇقتۇرۇشقا قارشىلىق قىلىپ ۋە بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپ، مەيداندا داۋاملىق تۇرۇۋالسا، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار بارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ زورلۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. 3. تيەنئەنمېن مەيدانى تازىلانغاندىن كېيىن ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار ئۇنى قاتتىق باشقۇرىدۇ. 4. دۆلەتنىڭ قالايمىقانلىشىشىنى خالىمايدىغان بارلىق ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاممىنىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ مەيدانىنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئىجرا قىلىشىغا پائال ماسلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز».

مەيداندىكى نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال يىغىلىپ، ئىككى تەرەپكە قول تۇتۇشقان تەرتىپ ساقلاش ئەترەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، سائەت بەش ئەتراپىدا بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ، مەيداندىن تەرتىپلىك ھالدا چىقىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېز، ئوڭۇشلۇق، بىخەتەر چىقىپ كېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار مەيدانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىن كەڭ يول ئېچىپ بەردى. بۇ چاغدا يەنە ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار چىقىپ كەتمەي تۇرۇۋالدى. قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ جەڭچىلىرى «ئۇقتۇرۇش»تىكى تەلەپ بويىچە ئۇلارنى مەيداندىن مەجبۇرىي چىقىرىۋەتتى. سائەت بەشتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، مەيداننى تازىلاش ۋەزىپىسى پۈتۈنلەي ئورۇندىلىپ بولدى. پۈتۈن مەيداننى تازىلاش ۋاقتى يېرىم سائەتكىمۇ يەتمىدى. مەيداندا جىم ئولتۇرۇۋالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ، جۈملىدىن ئاخىرى مەجبۇر چىقىرىۋېتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۆلمىدى. تيەنئەنمېن مەيدانىدا «قان دەريا بولۇپ ئاقتى» دېگەن گەپ پۈتۈنلەي يالغان.

## 5. تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ تولۇق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم

1. بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە ئۇنى تىنچىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇشىمىز لازىم. بۇ توپىلاڭنى پەيدا قىلغان ئىنتايىن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر دېگەندە، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا ئۇزاقىچە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ كەلگەن، سىيا-

سىي سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر، چوڭ قۇرۇقلۇق سىرتىدىكى، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن كىشىلەر، قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يادرولۇق مەخپىيەتلىكىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ توپىلاڭدا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ھەر خىل زوراۋانلىقلارنى پەيدا قىلغانلار، ئاساسلىقى، ياخشى ئۆزگەرمىگەن قاماق مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ئۇنسۇرلار، سىياسىي تۈس ئالغان بەزى لۈكچەكلەر گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قالدۇقلىرى، قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئاز ساندىكى بۇزۇقلار ۋە جەمئىيەتتىكى باشقا داشقاللاردىن ئىبارەت. كەڭ ئامما ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار، جۈملىدىن بۇ توپىلاڭغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەر چوقۇم ئۇلاردىن چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىپ، توپىلاڭغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە پائال ئاتلىنىشى لازىم.

2. توپىلاڭنى تىنجىتىش داۋامىدا كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئۆز جايى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىدىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، تېخىمۇ ئوبدان تەشكىللىنىپ، بىرلەشمە مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، زاۋۇتلارنى قوغداش، ۋوگزال - ئىستانسىلارنى قوغداش، مەكتەپلەرنى قوغداش ۋە ئۆز ئورنىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قاتناش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ۋە تۈرلۈك ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا پائال ھەمكارلىشىشى لازىم. توپىلاڭنى تىنجىتىش داۋامىدا نۇرغۇن كىشىلەر ناھايىتى يۈكسەك سىياسىي ئېڭىنى ئىپادىلىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باشقىلار قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوغدىدى؛ بەزىلىرى چۈشۈپ قالغان، چېچىلىپ كەتكەن قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى ۋاقتىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا ۋە قوغداش تارماقلىرىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بەردى؛ بەزىلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، پىتنە - ئىغۋالارنى ئېچىپ تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى؛ بەزىلىرى توپىلاڭچىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى؛ بەزىلىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ توپىلاڭچىلار بىلەن يۈز تۇرانە كۈرەش قىلدى. بۇنداق روھ ناھايىتى قىممەتلىك.

3. كەڭ ئامما ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار بىمەنە پىتنە - ئىغۋالارنى كاللا ئىشلىتىپ ئويلاپ بېقىشى، ئاسانلىقچە ئۇلارغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئالدامغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى لازىم. ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەن مەزگىلدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش بۇيرۇقىغا جەزمەن قاتتىق ئەمەل قىلىش، قىزىقىپ توپلىشىۋېلىپ تاماشا كۆرمەسلىك، ئەگىشىپ چۇقان كۆتۈرمەسلىك، يەنە كۈتۈلمىگەن ئۆلۈش، يارىدار بولۇش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىش لازىم.

4. دۈشمەن ئەھۋالى قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىش، ھەر دائىم ئۇلارنىڭ جىنايەت پاكىتلىرىنى ئىگىلەپ، ھۆكۈمەتكە ۋە ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋاقتىدا پاش قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ توپىلاڭچىلارنى ئىنە-

(ئاخىرى 29 - بەتتە)



# ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى تىنچ-ئىتتىپاقلىق

ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرى-
شىغا قارىماي قۇراللىق ساقچى قىسىم
جەڭچىسىنى قۇتقۇزۇپ قالغان
ئۆتكۈر ئابابەكرىنى زىيارەت

قۇدرەت مىجىت (ئۆز مۇخبىرىمىز)

5-ئاينىڭ 19-كۈنى، بىر قىسىم لۈكچەكلەر ئاللىقاچان بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان «جىنسىي تۇرمۇشقا دائىر ئۆرپ-ئادەتلەر» ناملىق كىتابقا نارازىلىق بىلدۈرۈشنى باھانە قىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئاممىنى قوزغىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئورگانلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان ئىنتايىن ئېغىر سىياسىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىنى تۇغدۇرۇپ، مالىماتچىلىق پەيدا قىلدى. ئۇلار دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان قۇراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ۋە ئورگان خادىملىرىنىڭ نەسىھەت قىلىپ توسۇشىغا قارىماي، قولىغا كالتەك، تاش، خىش پارچىسى ئېلىۋېلىپ ھەر مىللەت قۇراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنى ۋە ئورگان كادىرلىرىنى ئۇردى، نۇرغۇن قۇراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى شۇ مەيداندىلا ئۇرۇپ يارىدار قىلدى. بەزى جەڭچىلەرنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. بۇنداق جىددىي پەيتتە ئورگاندىكى بەزى كادىرلار ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئەسەبىيلەشكەن لۈكچەكلەر بىلەن جىددىي ئېلىشىپ قۇراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ كادىرى يولداش ئۆتكۈر ئابابەكرى بولۇپ، ئۇ لۈكچەكلەر تەرىپىدىن

قاتتىق ئۇرۇلۇپ باش، كۆزى قانغا بويالغان بىر نەپەر قورالىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى قوغداش يولىدا قاتتىق تاياق يەپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئالىيجاناب روھىنى كەڭ مۇشتەرىلىرىمىزغا يەتكۈزۈش قىزغىنلىقىم بىلەن ئۇنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ «19-ماي» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىدە باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ كۈنى بۆلۈمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىنغا كەتكەنىدى. مەن دېجورنىلىق قىلىۋاتاتتىم. سائەت بەشلەر ئەتراپىدا بىر ئوچۇم لۈكچەكلەر پارتكوم قورۇسىغا باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى ئۇردى، تاش، كالتەكلەر بىلەن ئېتىپ، دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرىنى قالايمىقان چاقتى. كىچىك ماشىنىلارنى پاچاقلىدى. بىر ئوچۇم لۈكچەكلەر يەنە پارتكوم ئىشخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللاندى. مەن بىنادىن چىقىپ توسىماقچى بولۇپ ئەمدىلا ئىشىكتىن چىقىشىمغا ئۇدۇل تەرەپتىن يۈز-كۆزى قانغا بويالغان بىر قورالىق ساقچى قىسىم جەڭچىسى يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنى قولىغا كالتەك، خىش، تاش كۆتۈرۈۋالغان ئون نەچچە لۈكچەك قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ قورالىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇنى قوغداپ قالدىم. لۈكچەكلەر مېنىڭ دوۋسۇنۇمغا قاتتىق تەپتى، ئاغرىق دەستىدىن كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. مەن قورالىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى قاچۇرۇۋېتىپ لۈكچەكلەرنى توسۇپ، ئۇلار بىلەن داۋاملاشتىم. دەل شۇ چاغدا بىر لۈكچەك قورالىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى قاچۇرۇۋەتكەن ئەشۇ شۇ، مانا بۇ مۇسۇلمانلار خائىنىنى ئۇرۇش كېرەك، دەپ ۋارقىرىدى. بىر قانچە ئون لۈكچەك مېنى قورشىۋېلىپ، بىر ياقتىن مۇشتلىسا، يەنە بىر ياقتىن تېپىشكە باشلىدى. بەختىمگە يارىشا قورالىق ساقچىلار، ج خ خادىملىرى ۋە ئورگان كادىرلىرى ئۇلارغا ۋاقتىدا قايتۇرما زەربە بەرگەنلىكتىن، مەنمۇ قۇتۇلۇپ قالدىم.

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇقېتىمقى ۋەقەنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، زىيىنى ناھايىتى زور. «جىنسىي تۇرمۇشقا دائىر ئۆرپ-ئادەتلەر» ناملىق كىتاب شاڭخەي «مەدەنىيەت» نەشرىياتى ۋە سەنشى «ئۈمىد» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولمىغۇر كىتاب بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنغانىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارمۇ قەتئىي، كۈچلۈك تەدبىر قوللانغانلىقتىن، بىز بولمىغۇر كىتاب ئاپتونوم رايونىمىزغا كىرگۈزۈلمىگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بەزى لۈكچەكلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان بىر قىسىم ئاممىنى يامان غەرەز بىلەن قۇترىتىپ، رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپىگە ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھەر

مىللەت كادىرلىرىنىڭ، ئاممىسىنىڭ ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى دىنىي زاتلارنىڭ، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىي ۋە مۇسۇلمانلارغا ۋەكالەتلىك قىلالمايدۇ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ چوقۇم ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز تىنچ-ئىتتىپاقلىققا مۇھتاج. مەن بۇ لۈكچەكلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن، ھۆكۈمەتنىڭ باش جىنايەتچىلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

— ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا جايلاشقان كۆپ مىللەتلىك رايون. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئەزەلدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى غەلىبىلىك راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى بولۇپ كەلگەنىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدا ئەڭ ياخشى بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش نۆۋەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ناھايىتى چوڭ ۋەزىپىمىز. مەن شىنجاڭنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشتەك چوڭ ئومۇمىيلىقنى ھەر ۋاقىت ئېسىمدە چىڭ تۇتۇپ، تىنچ-ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى كۈرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشتەك چوڭ ئومۇمىيلىقنى ھەر ۋاقىت ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن قوغدايمەن.

مەن يولداش ئۆتكۈر ئابابەكرىنىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى قوغداپ قېلىشتەك پىداكارانە روھىغا، جەمئىيىتىمىزنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيىتىگە ھەر دائىم كۆڭۈل بۆلۈشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم ھەمدە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىگە ئۇتۇق تىلەپ، زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

(بېشى 26 - بەتتە)

كان قەدەر تېز تۇتۇپ، قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىشىغا ھەمكارلىشىشى لازىم. ھازىر بەزى توپىلاڭچىلار ھېلىمۇ ھەربىي ئاپتوموبىل، ئاپتوبۇس، تراللېيبۇسلارنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، بەزى توپىلاڭچىلار بۇلىۋالغان قوراللاردىن يوشۇرۇن ئوق چىقىرىپ، جەڭچىلەرنى ۋە ئاممىنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ ياكى زەخىملەندۈرۈۋاتىدۇ. قانۇنسىز تەشكىلات «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاپتونومىيە بىرلەشمىسى» يەنە تەشۋىق ۋەرىقى تارقىتىپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش تاشلاشقا، ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قەتئىي زەربە بېرىش لازىم.

5. ئالاقىدار تارماقلار توپىلاڭدا يامان ئىش قىلغان ئادەملەرنى تېز ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، كەڭچىلىككە ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى، گۇناھىغا توۋا قىلماي، داۋاملىق ئەسكىلىك قىلغانلار چوقۇم قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

# «تۈزەش»، «ياخشىلاش» داۋامىدا، ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىشىمىز لازىم




كومپارتىيە ئەزاسى — ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كوممۇنىزملىق ئاڭغا ئىگە ئاۋانگارت جەڭچىسى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئاڭلىق تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلىش، پارتىيىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىش، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاش، تەلەپچان بولۇش — كومپارتىيە ئەزالىردا بولۇشقا تېگىشلىك ئاڭ ۋە تەربىيىلىنىش. ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاش - باشلىيالماسلىق — كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن قاتتىق سىناق.

ئىشنى ئۆزىدىن باشلاشتا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە، ئىشەنچنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىدىيە — ھەرىكەتنىڭ باشلامچىسى. بىرلىككە كەلگەن ئىدىيە بولمىسا، ئاڭلىق ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ. ھازىر ئىدىيە خېلى جانلاندى، بۇ ياخشى ئىش، لېكىن بەزى ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلماي بولمايدۇ. ئالايلۇق بەزى يولداشلاردا ئىسلاھاتقا نىسبەتەن بىر مۇنچە مۇجمەل ھەتتا خاتا تونۇشلار مەۋجۇت؛ بەزى يولداشلاردا «تۈزەش»، «ياخشىلاش»قا بولغان ئىشەنچ كەم؛ بەزىلەر «تۈزەش»، «ياخشىلاش» ئىسلاھاتقا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئەپلەشمەي قالسا سىڭدۈرۈلگەن ئەجىر بىكارغا كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. ئاز سانلىق يولداشلاردا پەيدا بولغان بۇنداق ئىدىيىۋى تونۇشلاردىن ئەجەپلەنگىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ ئىدىيىۋى تونۇشلار ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە ۋە ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىلمىسە، ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەسكە توختايدۇ، مەركەزنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىمۇ بىر پارچە قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇقېتىمقى 4-ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىخلاس بىلەن تەكرار ئۆگىنىش، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش لازىم.

ئىشنى ئۆزىدىن باشلاشنىڭ مۇھىم ھالقىسى — پارتىيىلىك كادىرلاردىن بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلاردىن باشلاشقا باغلىق. رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئورنى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆز ھەرىكىتىنىڭ ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا بولغان تەسىرىمۇ ئىنتايىن زور بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «تۈزەش»، «ياخشىلاش»نىڭ نەتىجىسى ئاساسەن پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلارنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكىتىگە باغلىق. ھازىر بەزى كىشىلەردە «تۈزەش»، «ياخشىلاش» ئۈستىدە توختالغاندا باشقىلارنىڭكىنىلا تىلغا ئالىدىغان، ئۆزىنىڭكىنى تىلغا ئالمايدىغان خاھىشلار ساقلانماقتا، بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەسىلە كۆپرەك بولغان بەزى جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ مەسىلىسى كۆپ ھاللاردا رەھبەرىي كادىرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ رەھبەرلىكى سۇكۇت قىلغان؛ بەزى-

لىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئىشنى تاپشۇرغان؛ بەزىلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئۆزى قىلغان. ئەگەر رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى ئىشلىگەن بولمىسا، ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى باشلامچىلىق بىلەن تۈزەتمىسە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تۈرلۈك سىياسەت بەلگىلىمىلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن نەمۇنىلىك ئىزچىل ئىجرا قىلالمايدۇ، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان جاي، تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ «تۈزەش»، «ياخشىلاش» ئىشىنى ئوبدان ئېلىپ بارالمايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر بىر رەھبەر قارىمىقىدىكىلەردىنلا سودىگەرلىك قىلماسلىق، كارخانا باشقۇرماسلىقنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ «ئەمەلدار ھايانكەشلىك» بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇ ھالدا ھايانكەشلىك قىلغان كىشى ۋە ئىشلارنى قانداقمۇ مەردانىلىق بىلەن ئېنىقلىيالىسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، «تۈزەش»، «ياخشىلاش» داۋامىدا، ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلاردىن تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئىشلىشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن «تۈزەش»، «ياخشىلاش»تىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

ئىشنى ئۆزىدىن باشلاشتا، ئۇسۇل جەھەتتە، ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق دەرىجىسىنى ئېنىق ئايرىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. «تۈزەش»، «ياخشىلاش»تا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ئەگەر ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىك دەرىجىسى ئېنىق ئايرىلماي، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىنماي، ھەممىگە بىراقلا تۇتۇش قىلىنسا ياكى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەنلا ھەپىلىشىپ كېتىلسە، مۆلچەرلەنگەن ئۈنۈمگە ئېرىشمەك تەس بولىدۇ، ھەتتا شەكلەن رەسمىيەتچىلىك يۈز بېرىدۇ. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە: بىرىنچى، پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى ئاساس قىلىپ، نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان سەۋەنلىكلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ: (1) مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەجىمىنىڭ تولىمۇ زور بولۇپ كېتىشى؛ (2) تەقسىماتنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى؛ (3) ئايرىم پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا بەزى چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت. ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى مۇشۇ ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتە كۈچ چىقىرىشى لازىم. ئىككىنچى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنى ۋە ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ ھەر قايسىسى ئۆزلىرىدە ساقلانغان مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، نۆۋەتتە يەنە ئىشلەپچىقىرىشنى پائال يۈكسەلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. چۈنكى، ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كۆپەيتىش ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق شارائىتتا، پۇل پاخاللىقىنى كونترول قىلىش، ئومۇمىي ئېھتىياج بىلەن تەلەپنىڭ ئومۇمىي تەمىنلەشتىن ئېشىپ كېتىشىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم ۋاسىتە.

ئىشنى ئۆزىدىن باشلاشتا، ئەمەلىي ئىشقا ئۆتۈش قىلىش لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى ئىشنى ئۆزىدىن باشلىغاندا، چوڭ گەپ قىلىشتا باشلامچىلىق قىلىۋەرمەي، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسىتىشى لازىم. بىر ئىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن، شۇ ئىشنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش،

(ئاخىرى 10 ـ بەتتە)

# كاتىپلىق ھەققىدە لېكسىيە

## كاتىپلارنىڭ قاتلام ۋە دەرىجىلىرى

مەمتىلى دانى

ئېلىمىزدە ۋە پۈتكۈل دۇنيادا كاتىپلار خېلى كەڭ ۋە زور بىر قوشۇن بولۇپ قالدى. ئۇلارنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئوخشىمىغان قاتلام ۋە دەرىجىلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تەشكىلىي شەكىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، كاتىپلارنى ئومۇمىي ئىشلار (ئورگان، ئىدارە) كاتىپى ۋە شەخسىي كاتىپتىن ئىبارەت ئىككى قاتلامغا ئايرىپ قاراش مۇمكىن. ئومۇمىي ئىشلار كاتىپى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان كاتىپلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى كوللېكتىپتىن ئىبارەت. گەرچە بەزىلىرى ئاساسەن رەھبەرلەرگە ئەگىشىپ شۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان بولسىمۇ، بىراق رەھبەرلەر ماھىيەتتە كوللېكتىپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار كوللېكتىپنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى يۈرگۈزگۈچى ھەم ئادا قىلغۇچىلار. شەخسىي كاتىپ دېگىنىمىز مەلۇم بىر شەخسنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شۇ كىشى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان كاتىپلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى كاتىپلارنىڭ مائاشىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن شەخس بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. شەخسىي كاتىپلار، چەت ئەللەردە بىر قەدەر كۆپرەك، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان جۇڭگودىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئىجتىمائىي كەسىپ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كاتىپلارنى سىياسىي سەپ كاتىپى، ئىقتىسادىي سەپ كاتىپى ۋە مەدەنىيەت سېپى كاتىپى قاتارلىق قاتلاملارغا بۆلۈش مۇمكىن.

كاتىپلار مەيلى قايسى خىل خىزمەت بىلەن شۇغۇللانسۇن، بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. شۇڭا، كاتىبات خىزمىتى بىلەن رەھبەرلىك خىزمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ چوڭقۇر-تېيىزلىقى ھەمدە كاتىبات خىزمىتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە نىسبەتەن تەسىر كۆرسىتىش كۈچىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا ئاساسەن كاتىپلارنى يەنە بىر قانچە قاتلام ۋە دەرىجىلەرگە ئايرىش مۇمكىن. بۇ يەردىكى مۇناسىۋەت ھەرگىزمۇ كاتىپ بىلەن رەھبىرىي خادىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن، تۇرمۇش كاتىپلىرىنىڭ رەھبەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بىر قەدەر قويۇق بولۇشى ئېھتىمال. لېكىن ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە بولۇپمۇ رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە نىسبەتەن كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلىشى ناتايىن. دېمەك، يۇقىرىدىقى نۇقتىدىن كاتىپلارنى يۇقىرى قاتلام، ئوتتۇرا قاتلام ۋە تۆۋەن قاتلامدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇلارنى يۇقىرى دەرىجە، ئوتتۇرا

دەرىجە ۋە تۆۋەن دەرىجىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىپ قاراشقا بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك كاتىپلار ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە پىلانلاشقا قاتنىشىدۇ، يۈزلىنىش، ئەھۋال ۋە ئۇچۇرلارنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك فاكتىن، سىياسەتلەر بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە ياردەملىشىدۇ ياكى ئىشلارنى تەشكىلىي جەھەتتىن يۈرۈشلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىچكى-تاشقى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، رەھبەرلەرنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىشى ئۈچۈن يول ھازىرلايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى رەھبىرىي ئاپپاراتنىڭ ئەزالىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ھەمىشە دېگۈدەك يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىكنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. بۇ خىلدىكى كاتىپلارنىڭ رەھبىرىي خادىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئالاھىدە قويۇق بولىدۇ. دائىم رەھبەرلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم ياردەمچىلىك ۋەزىپە ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن، باش كاتىپ، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، كاتىبات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى، شۇنداقلا بەزى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى، مەسلىھەتچى قاتارلىقلار رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ يادروسىغا، تەدبىر بەلگىلەشنىڭ پروتوكول جەريانىغا بىر قەدەر بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەمدە رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ جاينىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىلىك كاتىپلار ھېسابلىنىدۇ. ئاساسەن يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاتىپلارنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كاتىپلار دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ماتېرىياللارنى يېزىپ چىقىش، خەت-ئالاقىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئۇچۇرلارنى ئىگىلەپ تۇرۇش، رەھبەرلىك تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى بېجىرىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلىلا قويۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا بەزىدە كۈچلۈك، بەزىدە ئاجىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇلازىمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاتىپلار تۆۋەن دەرىجىلىك كاتىپلار ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىدارە-ئورگانلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك تارماقلىرىدىكى ھۆججەت-ماتېرىيال ساقلىغۇچى، يەتكۈزگۈچى، باسقۇچى ۋە كوررېكتور قىلغۇچىلار، كۈتۈۋېلىش، ئالاقىلىشىش ۋە يىغىن ئىشلىرىنى ئىشلىگۈچىلەر، بەزى مالىيە ۋە قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلار مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. بۇ خىزمەتلەر بەنگۇڭتىڭ (ئىشخانا) ياكى كاتىبات باشقارمىسىغا تەۋە بولۇپ، خېلىلا مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بىراق رەھبەرلىك خىزمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇناسىۋىتى بىۋاسىتە بولمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ يۈرۈشلىشىشىگە سىرتقى جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ بىر خىل تېيىز مۇناسىۋەت شەكلى بولغانلىقتىن، ئۇ رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ خىل كاتىپلار ئادەتتە «مەمۇرىي كاتىپ» ياكى «مۇلازىمەت كاتىپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

# ئېسىل خىسلەت

قورغاس ناھىيىسى لوسىگۇڭ يېزا 1-كەنت 4-گۇرۇپپىدىكى كومپارتىيە ئەزاسى باقى يۈسۈپ 1987- يىلى كەنتنىڭ ئالمىلىق بېغىنى ھۆددىگە ئالغانىدى. ئۇ بىر يىل جاپالىق ئىشلەپ مول ھوسۇل ئېلىپ، 10مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلدى. ئۇ ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان رېمونت قىلىنماي بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزلۈكىدىن 5000 يۈەن ئاجرىتىپ، مەكتەپنىڭ 120 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىككى سىنىپ ۋە بىر ئىشخانا سېلىشىغا ياردەم بېرىپ، بۇ كەنتتىكى بالىلارنىڭ ئوقۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ مائارىپقا ياردەم بېرىشتەك ئالىيجاناب روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.



فەن گوچياڭ

# قادىر قۇربان ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش سېپىدە



چىرىيە ناھىيىسى نۇرى يېزا ئاقتاش مەھەللىسىدىكى دېھقان، كومپارتىيە ئەزاسى قادىر قۇربان دېڭىز يۈزىدىن 2300 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان، ھاۋاسى بىر قەدەر شالاڭ بولغان تاغلىق رايوندا تاۋار ئاشلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ دۆلەت ۋە خەلققە تېگىشلىك تۆھپە يارىتىشنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئىش كۆرۈپ، يەرگە مەبلەغ سېلىپ، ئۇرۇق سورتىنى يېڭىلاپ، تۇپراقنى ياخشىلاپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ، كۆچىنىپ ئىشلەپ، مەھسۇلاتنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ كەلدى. 1988-يىلى ئۇ 40 مو يەرگە بۇغداي، 15 مو يەرگە قوناق تېرىپ، بۇغداي بىلەن قوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 206كىلوگرام ۋە 422 كىلوگرامغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 14مىڭ 647 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. ئۇ بېيىغاندا دۆلەتنى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى ئېسىدىن چىقارماي، ھەر يىلى دۆلەتكە 5000 كىلوگرامدىن تاۋار ئاشلىق سېتىپ بەردى.

مەتتۇردى نەزەر

## ماڭارىپقا بېرىلگەن ئەمەلىي ياردەم

گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆك تېرەك يېزىسىدا «ئاق ئوتان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، ئۈچ تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان بىر ئامىرات كەنت بولۇپ، بۇ يەردە تاملىرى گۇمراپ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئۈچ سىنىپلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە جەمئىي 30 مىڭ 24 يۈەن مەبلەغ توپلاپ 236 كىۋادرات مېتىر كۆلەمدە يەتتە ئېغىزلىق سىنىپنى يېشىق خىش بىلەن سېلىپ بەردى.



4-ئاينىڭ 5-كۈنى يېڭى سىنىپلارغا كۆچۈپ چىققان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بۇ پارتىيە ياچېيكىسىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

**مەھەممەت ھېيت**

## تۇرسۇن ھاشىم پارتىيىدىن چىقىرىلدى



ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئوردىچۆل يېزا قىزىلدۆڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن ھاشىم بىر قانچە يىلدىن بويان خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنى قىلچە كۆزگە ئىلمىغان، كوللېكتىپنىڭ 5422 يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل مال-مۈلۈك ۋە نەق پۇلغا خىيانەت قىلغان. 1313 يۈەننى كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋالغان؛ ئومۇمنىڭ پۇلىدىن 2876 يۈەننى قەرز ھېسابىدا ئېلىۋېلىپ ئۇزاققىچە قايتۇرمىغان؛ 1983-يىلدىن 1988-يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە مېھمان چاقىرىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن 10 مىڭ 287 يۈەننى بۇزۇپ چېچىۋەتكەن؛ مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ كوللېكتىپنىڭ 8970 يۈەن پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلەتكەن.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تۇرسۇن ھاشىمغا پارتىيىدىن چىقىرىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە خىيانەت قىلغان ۋە ئىگىلىۋالغان پۇلنى تۆلەپ قايتۇرۇش، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ يۆتكەپ ئىشلەتكەن پۇلنى ئۆزدىگە يىغدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

**نۇر مۇھەممەت توختىنىياز**

# ئاللاھسىزلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

رەھىم يۇسۇپ

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 13 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن سىياسىي دوكلاتنىڭ 1 - قىسمىدىلا «ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى ھەمدە ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئۇلۇغۋار ئەھمىيەتكە ئىگە ئالىتە يېتەكچى پىكىرنىڭ بىرى ھېسابلاندى. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقى سەۋىيىسى ۋە پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كەڭ ئاممىغا ماركسىزمچە ئاللاھسىزلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھسىزلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ ئاممىنى ئاللاھكويلۇق ئىدىيىسىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدىن ئازاد قىلىپ چىقىش — پارتىيىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي ۋەزىپىسى. ئاللاھسىزلىق تەربىيىسى — كىشىلەرنى روھىي قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتە ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. شۇڭا ئىنقىلابىي ئۇستازلار ئاللاھسىزلىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەزەلدىن ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن: «جەڭگىۋار ماتېرىيالىزمنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئۇلار (مىليونلىغان خەلق ئاممىسى)نى قىزىقتۇرۇش، ئۇلارنى دىنىي ئۇيقۇدىن ئويغىتىش، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ھەر تەرەپتىن جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاللاھسىزلىق توغرىسىدىكى ھەر خىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش، ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىكى پاكىتلارنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇش، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش كېرەك». ①

ئاللاھسىزلىق تەربىيىسى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ئاللاھسىزلىق ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتۈشىمىز لازىم.

ئاللاھسىزلىق — ئۇيغۇرچە گېزىت - ژۇرنال ۋە كىتابلاردا ئاتېئىزم ياكى خۇداسىزلىق دېگەن ئاتالغۇ بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. ئاللاھسىزلىق — گرېكچىدا ئاللاھنى ئىنكار قىلىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئاللاھسىزلىق — ئاللاھكويلۇقنىڭ قارشى تەرىپى سۈپىتىدە پەيدا بولغان. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى — ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. ئاللاھسىزلىق — بارلىق دىنىي ئېتىقاد ۋە ئاللاھ، جىن - ئالۋاستى قاتارلىقلارغا ئىشىنىشنى ئىلمىي ئاساستا ئىنكار قىلىدىغان تەلىمات. ئاللاھسىزلىق — ماددىي دۇنيانىڭ سىرتىدا تەبىئەتتىن تاشقىرى تۇرىدىغان ھەممىگە قادىر بىر ئاللاھ بار، ئۇ ھەممە نەرسىنى ئىدارە قىلىدۇ، دەيدىغان قاراشنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. ئاللاھسىزلىق — خۇدا ياكى ئاللاھ مەۋجۇت دېگەن ئىدىيىنى رەت قىلىش، روھ ئۆلمەيدۇ ئى-

① («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 4 - توم، 605 — 606 - بەتلەر)

دىيىشنى يېپىن قىلىش، جىن - ئالۋاستى تۇغرىسىدىكى بىمەنە ئىدىيىلەرنى يېپىن قىلىش، باخشى - رەمماللار بازارغا سالغان خۇراپىي ئىدىيىلەرنى يېپىن قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىلاھسىزلىق تارىختا دىنىي خۇراپاتلىققا ئىشىنىش ۋە ئىدېئالىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، ماتېرىيالىزم تەرەپتە تۇرۇپ، ماتېرىيالىزمنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ماركسىزمچە ئىلاھسىزلىق دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى پەيدا بولغان ئىلاھسىزلىق گەرچە ماتېرىيالىزمنى قوغداش ۋە دىنىي ئىلاھىيەتشۇناسلىققا قارشى تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاغدىكى ئىلاھسىزلىق ئۈزۈل - كېسىل بولمىغاچقا، ئىلاھكويلۇقنىڭ يەنى دىن ۋە ئىلاھقا ئىشىنىشنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى. ئۇنى يوقىتىشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە يوللىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنىدى. ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ماركسىزمچە ئىلاھسىزلىقمۇ بارلىققا كەلدى. ماركسىزملىق پەلسەپە ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل ئىلاھسىزلىق. ماركسىزمچە ئىلاھسىزلىق — دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئۆزىگە نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىپ، تەبىئىي پەن ۋە ئىلگىرىكى ئىلاھسىزلىق ئىدىيىلىرىنىڭ مول نەتىجىسى ۋە ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئىجتىمائىي ماددىي مەنبەسىنى، دىن بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، دىننى يوقىتىشنىڭ يوللىرىنى ئېنىق، ئىلمىي كۆرسىتىپ بەردى. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، دىن ۋە دىنىي خۇراپاتلىققا ئىشىنىش — تەبىئەت زۇلۇمى ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇمنىڭ مەھسۇلى، سىنىپىي جەمئىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىن، سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيە دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى، دىن — ئەمگەكچىلەرنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن، شۇنداقلا ئەمگەكچىلەرنى روھىي جەھەتتىن قۇل قىلىدىغان قورال.

ئىلاھسىزلىقنىڭ قارشى تەرىپى ئىلاھكويلۇق. ئىلاھكويلۇق — خۇداپەرەسلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ: ئىلاھ تەبىئەتتىن تاشقىرى تۇرىدىغان مەۋجۇدات، ئىلاھ ئىنسانلىققا ئىگە، ئىلاھ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى، ئىلاھنىڭ ئەقلى بار، شۇڭا، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئارىلىشىدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، دەپ قارايدىغان دىنىي پەلسەپىۋى تەلىمات. ئىلاھكويلۇق سىنىپىي جەمئىيەتتە سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەكنىڭ بۆلۈنۈشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان. ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتتە ئىلاھكويلۇق تەبىئەت زۇلۇمى ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇمنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇ ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدايدىغان قورال.

ئىلاھسىزلىق بىلەن ئىلاھكويلۇق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تۈگۈنى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، دۇنيانى ئىلاھ ياراتقانمۇ ياكى دۇنيا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنمۇ، دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. بۇ، ماھىيەتتە، ماددا بىلەن روھنىڭ قايسىسى بىرىنچى دېگەن مەسىلىدۇر.

ئىلاھسىزلىقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن ئالغاندا، مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچى خىلى —

خۇدا، ئىلاھ، تەڭرى، جىن - ئالۋاستى مەۋجۇت دېگەن قاراشنى ئاپئاشكارا ئىنكار قىلىدۇ. دىنىي ئىلاھىيەتكە بىۋاسىتە ئوت ئاچىدۇ ۋە زەربە بېرىدۇ. ئىپادىلىنىش شەكلى جەھەتتە بىۋاسىتە، روشەن بولىدۇ. ئىلاھسىزلىقنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولسا، ئىچكى جەھەتتىن دىنىي ئىلاھىيەتنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. دىنىي ئىلاھىيەتكە قارشى تۇرۇشتا كۆپىنچە دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، دىنىي ئىلاھىيەتكە پايدىسىز بولغان ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىدۇ ياكى دىنىي كىتابلاردىكى ئەقىدىلەرنى چۈشەندۇرۇش ۋاسىتىسى ئارقىلىق دىنىي ئىلاھىيەتكە قارشى نۇقتىئىينەزەرلەرنى تەرغىب قىلىدۇ. مەسىلەن، نامەلۇملىق، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى قاتارلىق نەزەرىيىلەر ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بىلەن دىنىي ئىلاھىيەتكە قارشى تۇرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بىرىنچى خىل ئۇسۇلدەك بىۋاسىتە، روشەن بولماستىن، بەلكى سامانىڭ تېگىدىن سۇ قويغاندەك، يوشۇرۇن ئەگمە ھالەتتە بولىدۇ.

ئىلاھسىزلىقنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى نۇقتىلىق ھالدا مۇنداق ئىككى خىل جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئىلاھسىزلىق — مەرىپەتچىلىك ياكى ئاقارتىش خاراكتېرىگە ئىگە. ئىلاھسىزلىق — رېئاللىققا جىددىي قارايدىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەقلىي بىلىش بولغاچقا، ئۇ ماھىيەت جەھەتتە دىنىي خۇراپاتلىققا، سىرلىقلاشتۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇپ، رېئاللىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ خۇراپاتلىققا قارىغۇلارچە ئىشىنىشكە قارشى تۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئاڭلىق پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىلاھسىزلىق — كىشىلەرنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش جەھەتتە مەرىپەتچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، ئىلاھسىزلىق جەڭگىۋارلىققا ئىگە. سىنىپىي جەمئىيەتتە دىنىي خۇراپاتلىق «پادىشاھلىق ھوقۇقىنى تەڭرى ئاتا قىلغان»، «تەقدىرنى خۇدا بەلگىلەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئىدېئالىزملىق ئىدىيىنى كۆككە كۆتۈرگەچكە، ئۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىدىكى مۇھىم روھىي تۈۋرۈك بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئىلاھسىزلىقنىڭ دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى سىياسىي كۈرەش بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئىلاھسىزلىقنىڭ دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى تارىختا، كۆپ ھاللاردا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مۇستەبىتلىك سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن بىرلەشكەن. ئىلاھسىزلىق دەل ئاشۇنداق جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولغاچقا، ئۇ سىياسىي ئىنقىلابنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئىنقىلاب يولىدىكى ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش جەھەتتە ئىلاھسىزلىقنىڭ جەڭگىۋارلىقى كۆزگە تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ.

پارتىيىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە ئىلاھسىزلىق دۇنيا قارىشىنى تەشۋىق قىلىشنى، ئىلاھسىزلىق تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئىچىدە ھەتتا پارتىيىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەربىيىسىنى كۆرگەن بىر قىسىم دۆلەت كادىرلىرىمىز ئىچىدىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «ئاخىرەت»لىكىنى ئويلاپ، دىنىي خۇراپاتلىققا ئىشىنىدىغان، بۇ دۇنيادا تۇرۇپ، «ئۇ دۇنيا» نىڭ غېمىنى يەيدىغان، بالا - چاقىلىرىغا ئىلاھسىزلىق ئەمەس، بەلكى ئىلاھكويلۇق (خۇدا

پەرەسلىك) تەربىيەسى ئېلىپ بارىدىغان، كۆرۈنۈشتە ماركسىزمغا ئىشەنگەندەك قىلى- سىمۇ، ئەمەلىيەتتە دىنىي خۇراپاتلىققا ئىش- شىنىدىغان، خۇددى لېنىن «دىئالېكتىكا مە- سىلىلىرى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە تەنقىد قىلغاندەك «مېۋە بەرمەيدىغان چې- چەك»كە ئايلىنىپ قالغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بىر قىسىم ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئى- چىدە، مەكتەپتە ماركسىزمنى سۆزلەپ، ئۆيگە قايتقاندا ئىدىيالىزم ۋە دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار مەۋ- جۇت بولۇپ تۇرماقتا. بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا داشۆگە كىرگەن- دىن كېيىنمۇ روزا تۇتىدىغان، نامازنى تاشلىمايدىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشى ۋە سالامەتلىكىگە دەخلى يەتكۈزى- دىغان ئەھۋاللارمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال- لار بىزگە نۆۋەتتە ئىلاھسىزلىق تەربىيەسى- نى ئېلىپ بېرىش، ئىلاھسىزلىق تەربىيە- سىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەن- دۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ داۋاملىق يامراپ كېتىشىگە يول قويىدى- كەنمىز، ئۇ چاغدا بۇ خىل ئەھۋال ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا جەزمەن توسالغۇ بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىش ئۈ- چۈن، 13 - قۇرۇلتاينىڭ روھى بويىچە كەڭ ئاممىغا ماركسىزمچە ئىلاھسىزلىق نۇقتى- ئىينەزەرلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىشىمىز، كەڭ ئاممىغا دىنىي خۇراپاتلىققا ئىشىنىش- نىڭ زىيىنىنى سەۋرچانلىق بىلەن تونۇ- تۇشىمىز، دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى تۇ- رۇشنى ئاممىغا كوممۇنىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇ- ھىم ھالقا دەپ قاراپ، سوتسىيالىستىك مە- نىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى دا- ۋاملىق چىڭ تۇتۇشىمىز. ئىجتىمائىي ئىش- لەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پەن مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىجتىما- ئىي ئاڭنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىگە ئا- ساسەن، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە پەننىي بىلىملەرنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشى- مىز، ماركسىزمچە ئىلاھسىزلىق نۇقتىئىي- نەزەرنى قورال قىلىش ئارقىلىق ئىدىيا- لىزم ۋە ئىلاھكويلۇقنىڭ ئەكسىيەتچىل ما- ھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى يوقىتىش- نىڭ يولىنى كەڭ ئاممىغا كۆرسىتىپ بېرى- شىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىلاھكويچىلارنى دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ قا- راڭغۇ تۇمانلىرى ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىق- قىلى، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئامما ئىچىدىكى ئىلاھكويچىلارنى پەيدىنپەي ئىلاھسىزلارغا ئايلاندۇرغىلى. شۇ ئاساستا، فېئوداللىق ۋە دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى يوقىتىپ، جەمئىيەت تە- رەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئىلاھسىزلىق تەربى- يەسى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيەسى، قانۇنچىلىق تەربىيەسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈ- شىمىز لازىم. فېئوداللىق ۋە خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى ئالدىغان، كىشى- لەرگە زىيانكەشلىك قىلغان، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمەي، قانۇنغا خى- لاپلىق قىلغۇچى جىنايەتچىلەرگە دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە چارە كۆرۈش كېرەك، دىنىي خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ قەستەن سىيا- سىي پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئامانلىقىنى بۇزغان، ئەكسى- ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، پۈتۈن جەمئىيەتنى قەدەممۇ قەدەم ئىلاھسىزلىقنىڭ جېندىسىغا ئايلان- دۇرغىلى بولىدۇ.




**تۇردى مامۇت، مەھەممەت تۇردى**

ئېلىمىز ئىسلاھاتى ئون يىللىق تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا رەھبەرلىك مۇلازىمىتىنى ئۆتەۋاتقان، ئىش بېجىرىۋاتقان بىر قىسىم خادىملاردا پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپ ساندىكى كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرى يەنىلا پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىسلاھات ئىشلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلىمەكتە. گۇما ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇكۇيلا يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋەلى تۆمۈر ئەنە شۇنداق ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ بىرى.

يولداش ۋەلى تۆمۈر يېزىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئىشنى يېزىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى كۈچەيتىشتىن باشلاپ، ھەممە ئىشتا ئالدى بىلەن ئۆزىگە ۋە پارتكومدىكى بىر يەن ئادەمگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسەت بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇردى. بىر قىسىم كادىرلار ئىچىدىكى كوللېكتىپنىڭ پۇلىغا مېھمان چاقىرىدىغان، يېزىنىڭ سەي - كۆكتات ۋە يەل - يېمىشلىرىنى پۇل تۆلىمەي ھالىغانچە ئېلىپ كېتىدىغان، يېزا ئاشخانىسىدا پۇل تولىمەي تاماق يەيدىغان، شەخس ئىش ئۈچۈن يېزىنىڭ ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ پۇل تۆلىمەيدىغان ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، تېگىشلىك قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، بۇ خىل ناچار خاھىشلارنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. 1986 - يىلى كۈزدە يولداش ۋەلى تۆمۈر تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ، مەلۇم بىر كەنتنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە باردى. ئۇلارنىڭ چۈشلۈك تامىقى ئۈچۈن كەنت تەرىپىدىن تونۇر كاۋىپى تەييارلىنىدۇ. يولداش ۋەلى تۆمۈر بۇنداق سېخىيلىق بىلەن سېلىنغان داستىرخان كىمنىڭ ھېسابىدا بولۇۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈردى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى ئۆزىنىڭ شەخسى قويى ئىكەنلىكىنى. تەك-

شۇرۇش ئەترىتىدىكىلەرنى ئۆيىگە باشلاش ئىپسىز بولۇپ قېلىپ، كەنتنىڭ ئاشخانىسىغا باشلىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئېيتىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئۇلار ئامالسىز كاۋاپنى يېيىشىدۇ. لېكىن ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يولداش ۋەلى تۆمۈر شۇ قېتىملىق كاۋاپ قىلىنغان قوينىڭ كوللېكتىپنىڭ قويى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھېلىقى مۇئاۋىن كەنت باشلىقىنى چاقىرتىپ قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ ھەمدە ئۆز يېنىدىن 60 يۈەن پۇل چىقىرىپ، قوينىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىدۇ.

يولداش ۋەلى تۆمۈر يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر ھەر خىل مەقسەتلەر بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ۋە ئۆزىنى يوقلاشنى باھانە قىلىپ، سوۋغا - سالام تەقدىم قىلىش، پارا بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يېتىپ نەپ ئېلىش كويىدا بولىدۇ. لېكىن يولداش ۋەلى تۆمۈر مۇنداق ئېزىتقۇ شاماللار ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەي، ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان ھەر قانداق سوۋغا - سالام ۋە پارىنى رەت قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئالدىدا پاك - دىيانەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. 1987 - يىلى مۇكۇيلا يېزىسى ناھىيىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە خىزمەت قىلىدىغان مەلۇم بىر ئورۇن بىلەن يېزىنىڭ پاختا زاۋۇتىغا كېرەكلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا توختام تۈزۈپ، 70 مىڭ يۈەن پۇلنى ئالدىن تاپشۇرىدۇ. مال يەتكۈزۈپ بەرگۈچى تەرەپ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بىر قانچە كۈن كېيىن ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مال ئالغۇچى تەرەپ مالنى ئۆتكۈزۈۋېلىش جەريانىدا بىر دانە چوڭ دىزېل ماشىنىنىڭ كونىراپ كېرەكتىن چىققانلىقىنى بايقاپ، ئەسلىدىكى توختامغا ئاساسەن مالنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى رەت قىلىدۇ. مال يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ئورۇننىڭ مەسئۇلى يولداش ۋەلى تۆمۈرنىڭ ئۆيىگە ئىككى بوتۇلكا ئالىي سورتلۇق ھاراق، ئىككى پاچكا ئېسىل تاماكا ئېلىپ كېلىپ، سات ئارىدا بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ ۋە مالنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداش ۋەلى تۆمۈر ئۆزى پايدا ئېلىش ھېسابىغا دۆلەت ۋە كوللېكتىپنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان مۇنداق سودا ئالدىدا قىلچە ئىككىلەنمەي، ئېلىپ كېلىنگەن سوۋغىنى رەت قىلىش بىلەن بىللە، كېرەكتىن چىققان كونا ماشىنىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مال يەتكۈزۈپ بەرگۈچى تەرەپ مەسئۇلى ئىشنىڭ باشقا چىقمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈرۈمچىدىن يېڭى دىزېل ماشىنىسى ئەكەلدۈرۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا يېزىدىكى مەلۇم بىر كەنتنىڭ مۇئاۋىن كەنت باشلىقى ئۆز كەنتىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يىغىلغان 120 يۈەن پۇلنى شەخسىي ئىشلىتىۋالىدۇ. يولداش ۋەلى تۆمۈر ئاممىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى تەكشۈرتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھېلىقى مۇئاۋىن كەنت باشلىقى ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى يوشۇرۇپ قېلىش مەقسىتىدە، ۋەلى تۆمۈرنىڭ ئۆيىگە ئىككى كىلو كاۋاپ ئېلىپ كېلىدۇ، ۋەلى تۆمۈر سوۋغىنى قوبۇل قىلماي، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ ھەمدە 120 يۈەن پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلىتىپ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ قالىدۇ.

يولداش ۋەلى تۆمۈر پاك - دىيانەتلىك بولۇشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، كۆپ قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ تەقدىرلەندى.

# ھۆكۈمەت پۇلىغا كەڭ قوللۇق قىلغانىنىڭ ئاقىۋىتى

غوپۇر ئابدۇرۇسۇل

يېقىندا جۇڭگو خەلق ئىستىراخوۋانىيە شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارماق شىركىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىستىراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ۋۇجىنيۈن(كومپارتىيە ئەزاسى) قاتارلىق يولداشلارنىڭ مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، قولايلىق خىزمەت شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، يالغان تۆلەم دېلوسى تۇرغۇزۇش، يالغان ئىسپات ياساش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق دۆلەت مەنپەئەتىگە، ئىستىراخوۋانىيە ئىشلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن خاتالىقىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، كەسكىن بىر تەرەپ قىلدى.

بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ۋۇجىنيۈن 1987 - يىل 9 - ئايدا مۇكاپات سوممىسىنى ئارىيەت ئېلىپ ۋەكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى خادىملارغا گۈرۈچ ئەكىلىپ بېرىش باھانىسى بىلەن كىشىلىك ئىستىراخوۋانىيە سوممىسىدىن 6000 يۈەن ئارىيەت ئالغان، شۇ يىلى 11 - ئايدا ئۇنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە شىركەت بوغالتىرىيە بۆلۈمى، كىشىلىك ئىستىراخوۋانىيە بۆلۈمىدىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشى ئارقىسىدا، ئىككى نۇسخە قاتناش ۋەقەسى دېلوسى تۇرغۇزۇپ، يالغان تۆلەم رەسمىيىتىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ھەر بىر دېلو ئۈچۈن 3000 يۈەندىن نەق پۇل ھاسىل قىلغان ھەمدە كىچىك بانكا كاسسىسى تەسىس قىلىپ بۇ سوممىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. شۇ ئاساستا باشقا كىرىملەرنى قوشقاندا، ئۇنىڭ كىچىك بانكا كاسسىسىغا جەمئىي 6636 يۈەندىن ئارتۇق پۇل جۇغلانغان، بۇ جۇغلانمىدىن 4039 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قوشۇمچە ياردەم ھېسابىدا ئىشلەتكەندىن سىرت، يەنە بىر قىسمىنى قالايمىقان خەجلىۋەتكەن ۋە ئىشلەتكەن. قالغان 2597 يۈەننى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قوي گۆشى ئەكىلىپ بېرىپ يىغىلغان پۇلغا قوشۇپ 5000 يۈەنلىك مۇكاپاتلىق ئامانەت چېكى ئالغان.

1986 - يىل 6 - ئايدا، ۋۇجىنيۈن يەنە بىر يولداش بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىككى نەپەر يولداشنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېھمانخانىغا ئەۋەتىپ، بىر پارچە يىغىن چىقىم تالونى يوقاپ كەتكەنلىك توغرىسىدا يالغان ھۆججەت يازدۇرۇپ ئاتچوت قىلدۇرۇش ئارقىلىق 2823 يۈەنلىك نەق پۇلغا ئېرىشكەن. ئۇلار يەنە تۆت كۈن داۋاملاشتۇرۇلغان 105 كىشىلىك يىغىنغا قوشۇپ بېرىلىدىغان راسخوت ۋە ئىش بېجىرىش راسخوتى تالونىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، بۇنىڭدىن 1722 يۈەن نەق پۇل ئالغان. ئۇلار بۇ پۇللارنى 38 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە ۋە توققۇز نەپەر ۋەكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىگە مۇكاپات سۈپىتىدە تارقىتىپ بەرگەن. ۋۇجىنيۈن بۇنىڭدىن 180 يۈەن ئالغان.

1987 - يىل 12 - ئايدا، ۋۇجىنيۈننىڭ قارار قىلىشى ئارقىلىق بۇ شىركەت ئىشخانىسى 48 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى ۋە 54 نەپەر ۋەكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىگە سېتىپ بەرگەن

قوي گۆشى ئۈچۈن ياردەم قىلىنىدىغان سومما توغرۇلۇق بىر پارچە تىزىملىك ياساپ، 2040 يۈەن نەق پۇلنى ئېلىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ۋەكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى خادىملارغا تارقىتىپ بەرگەن.

1988 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋۇجىنيۈەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىركەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە گاز ئۈچىقى ھەل قىلىپ بېرىش، ۋەكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق مۇكاپات پۇلىنى تارقىتىش نامى بىلەن كىشىلىك ئىستراخوۋانىيىسىدىن ۋە باشقا چىقىملاردىن 10 مىڭ 370 يۈەن نەق پۇل ئاجرىتىلىپ، مۇكاپات ئۈچۈن 4960 يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سېتىپ بەرگەن كۆمۈر ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم ھېسابىدا 1065 يۈەن، جەمئىي 6025 يۈەن چىقىم قىلىنىپتىكەن. قالغان 4960 يۈەن كاسسىرنىڭ ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان. بۇنىڭدىن ۋۇجىنيۈەن 180 يۈەن ئالغان.

1988 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ۋۇجىنيۈەن يەنە ئىشخانا ۋە مالىيە بۆلۈمىدىكىلەرگە يوليورۇق بېرىپ، «1988- يىللىق كىشىلىك ئىستراخوۋانىيىنى بېجىرگۈچى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئەمگەك قوغدۇنۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىش جەدۋىلى»نى ئويدۇرۇپ چىققان ھەمدە ئۆزى بىۋاسىتە تەستىقلاپ، كىشىلىك ئىستراخوۋانىيىدىن ۋە باشقا چىقىملاردىن 20 مىڭ 600 يۈەن ئاجرىتىپ، 101 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى، ۋەكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىنىڭ يىل ئاخىرىدا بېرىلىدىغان مۇكاپاتى ئۈچۈن 10 مىڭ 940 يۈەننى ئىشلەتكەن، كىشى بېشىغا 55 يۈەندىن جەمئىي 5885 يۈەننى قوي گۆشى ۋە سۇ مايئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم ھېسابىدا ئىشلىتىۋەتكەن، ئاشقان 3775 يۈەننى كىچىك كاسسىغا سېلىپ ۋۇجىنيۈەن ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا قالدۇرغان. بۇنىڭدىن ۋۇجىنيۈەن 400 يۈەن ئالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شىركەتنىڭ كىشىلىك ئىستراخوۋانىيە سوممىسى تولۇق قالايمىقان باشقۇرۇلغان.

ۋۇجىنيۈەن ھوقۇق ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلىپ، يالغان تۆلەم دېلوسى ھاسىل قىلىش، يالغان ئىسپات ياساش، كاززاپلىق قىلىپ قانۇنسىز سوممىغا ئېرىشىش، مۇكاپات، قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى قالايمىقان تارقىتىش، چەكتىن ئاشۇرۇپ قەرز پۇل ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاساسلىق، ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئىستراخوۋانىيە شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارماق شىركىتى پارتگۇرۇپپىسى 1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، گوۋۇيۈەننىڭ «مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە «كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى مۇكاپاتلاش - جازالاش نىزامى»دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا مەمۇرىي جەھەتتىن چوڭ گۇناھ يېزىش، مۇئاۋىن دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، باشقا خىزمەتكە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش جازاسى بېرىشنى ھەمدە يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا ئۇنىڭغا پارتىيىدە قالدۇرۇپ بىر يىل سىناش جازاسى بېرىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشنى، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئېرىشكەن 853 يۈەن نەق پۇلنى تۆلىتىۋېلىشنى ھەمدە بۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىستراخوۋانىيە تارماق شىركىتىنىڭ ھەممە سىستېمىلىرىغا ئومۇمىي ئۇختۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى.

## «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» دېگەن نام قانداق قويۇلغان

كىشىلەر ئەزەلدىن - جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1920-يىل 8-ئايدا شاڭخەيدە قۇرۇلغان تۇنجى تەشكىلاتىنى «كوممۇنىستىك پارتىيە» دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇ چاغدا «سوتسىيالىستلار پارتىيىسى» دەپ ئاتالغان، كېيىن «كوممۇنىستىك پارتىيە» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

1920 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنغان «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدە چېن دۇشيۇنىڭ «ۋەزىيەتكە بولغان قارىشىم» دېگەن ماقالىسىدە «سوتسىيالىستلار پارتىيىسى» دېيىلگەن. جاڭ شېنفۇنىڭ 1983 - يىل 3 - ئايدا ئېيتىشىچە، پارتىيىنىڭ شاڭخەيدىكى تەشكىلاتى قۇرۇلغان چاغدا «سوتسىيالىستلار پارتىيىسى» دەپ ئاتالغان ئىكەن، ئۇ مۇنداق دېدى: 1920 - يىل 8- ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا لى داجاۋ ئىككىمىز چېن دۇشيۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغانىدۇق. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پارتىيە قۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلغاندا، كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن باشقا يەنە خۇ شىمىن، دەي جىتاۋ قاتارلىق كىشىلەر ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان بەزى كىشىلەرمۇ بار ئىدى، شۇڭا سوتسىيالىستلار پارتىيىسى دەپ ئاتالغان؛ ئۇ چاغدا كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتىسا، ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلالماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى يەنە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى دەپ ئاتاش كېرەكمۇ ياكى كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتاش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە ئۇ بىر ئۇقتۇمغا كېلەلمەي، لى داجاۋ ۋە مەن بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى ئىكەن. لى داجاۋ ماڭا روسىيە سوتسىيال-دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتالغانلىقىنى، باشقا بەزى دۆلەتلەرمۇ ئەسلىدىكى سوتسىيالىستلار پارتىيىسى دېگەن نامنى كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى ھەمدە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى دېمەي، كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتاش ھەققىدە چېن دۇشيۇغا جاۋاب خەت يېزىشنى تاپشۇردى. كېيىن، چېن دۇشيۇ جاۋاب خەت يېزىپ: «شۇ چاغ (لى داجاۋ) بىلەن سىز مۇزاكىرە قىلغان نام بويىچە «كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتايلى» دەپتۇ.

(جىلىن «پارتىيە ئەزالىرى دوستى» دىن)

## «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامنىڭ كېلىش مەنبەسى

1949-يىل 6 - ئاينىڭ 21 كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەييارلىق يىغىنىنىڭ 1-قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى. لايىھە مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقاندا، يېڭى جۇڭگونىڭ نامىنى قانداق ئاتاش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، جاڭ شىرو ئەپەندى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتىساق بولارمىكىن دېگەن، بۇ پىكىر ۋەكىللەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى رەسمىي ئېچىلغاندا، دۇڭ بىۋۇ دۆلەت نامىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتاپ، مۇنداق دەپ ئىزاھات بەرگەن: «جۇمھۇرىيەت» دېگەن سۆز دۆلىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ، «خەلق» دېگەن سۆز بولغۇنكى يېڭى دېموكراتىك دۆلىتىمىز جۇڭگودىكى ئىشچى، دېھقان، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت تۆت سىنىپقا مەنسۇپ ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭدا خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ، شۇڭا «دېموكراتىك» دېگەن سۆزنى تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

(«تارىخ كۆزنىكى» دىن)

## جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى

1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئون نەچچە بېقىندا دۆلەتتىن چىقىرىلغان ئەسكەر بىلەن چاۋشيەن خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىگە تاجاۋۇز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چاۋشيەندە ئۇرۇش پارتلاپ، ئۇرۇش ئوتى چاۋشيەن زېمىنىنى قاپلىدى، دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسىمۇ تەھدىت ئاستىدا قالدى.

ۋەزىيەت ئىنتايىن خەتەرلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىلى تېخى بىر يىلمۇ بولمىغان تۇرسا، بۇ ۋەزىيەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ ئەسكەر چىقىرىشىمىز كېرەكمۇ - يوق؟ جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق ئىتتىپاقلىق ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن، دۆلىتىمىز ئەسكەر چىقارسا، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا توغرا كېلىدۇ، بەزىلەر بۇنىڭ بىلەن 3 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ قالامدىكىن دەپ ئەندىشە قىلدى. لېكىن ئەسكەر چىقارمىساق، ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرى 38 - پاراللېلدىن ئۆتۈپ چېگرىمىزغا قىستاپ كەلسە، يېڭى جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ پايدىسىز بولاتتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قايتا - قايتا ئويلىنىپ، پىدائىي قىسىم نامى بىلەن ئەسكەر چىقىرىشنى قارار قىلدى. بۇ تەدبىر ناھايىتى ئاقىلانىلىق بولدى. چۈنكى پىدائىي قىسىم نامىدا ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بولمىغاچقا، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى جۇڭگو چېگرىسىدىن كىرمىسىلا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئۇرۇشقا ئارىلىشىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئۇ چاغدا جۇ ئېنلەي زۇڭلى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ، مەركىزىي كومىتېت ئەسكەر چىقىرىشنى قارار قىلىشتىن ئىلگىرى ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئارقىلىق ئامېرىكىغا: «ئەگەر ئامېرىكا ئەسكەرلىرى 38 - پاراللېلدىن ئۆتىدىكەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ» دەپ ئۇقتۇردى. لېكىن ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 38 - پاراللېلدىن ئۆتتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو خەلق پىدائىي قوشۇنى قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ يېتەكچىلىكىدە، جاسارەت-غەيرەتتە، يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسى بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەتنى باشلىۋەتتى.

## ماۋجۇشى خەلق پۇلىغا ئۆز سۈرىتىنى چۈشۈرۈشنى چەكلىگەن

1947 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى تەييارلىق باشقارمىسى لەنشى - چاخار - خېبېي چېگرا رايونى باسما ئىدارىسىدىكى يولداش ۋاڭ يىجۇغا خەلق پۇلىنىڭ ئۇسلۇبىنى لايىھىلەشنى ھاۋالە قىلغان ئىدى، ۋاڭ يىجۇ ماۋجۇشىغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدىن ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىنى پۇل ئۇسلۇبىغا چۈشۈرۈپ، مەركەزنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنغان. ماۋجۇشى: «خەلق پۇلى دۆلەتكە تەئەللۇق، ئۇنى ھۆكۈمەت تارقىتىدۇ، شۇڭا مېنىڭ سۈرىتىمنى پۇلنىڭ ئۇستىگە چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

1949 - يىل 10 - ئايدا، خەلق بانكىسى تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شى لېي بانكا باشلىقى نەن خەنچېنغا ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىنى خەلق پۇلىغا بېسىشنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇ شى لېيغا: بىر قېتىم بۇ ئىشنى ماۋجۇشىدىن بىۋاسىتە سورىغان ئىدىم، ماۋجۇشى ئەنئەنىۋى مەدھىيەلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، سەن پارتىيىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىغا ئەمەل قىلىپ، خەلق پۇلىغا مېنىڭ سۈرىتىمنى چۈشۈرمەسلىكىڭلار كېرەك، دېدى دەپ جاۋاب بەرگەن.

1953 - يىلى خەلق بانكىسى خەلق پۇلىنىڭ يېڭى ئۇسلۇبىنى لايىھەلىگەندە، بايرام كۈنىدىكى تيەنئەنمېننىڭ كۆرۈنۈشىنى بىر يۈەنلىك پۇل ئۇسلۇبىنىڭ لايىھەسىگە كىرگۈزگەن. بۇ لايىھەدە ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتى تيەنئەنمېن راۋىقىنىڭ مەركىزىدە ئېنىقلىق تۇرغان كۆرۈنۈش بار ئىدى. بۇ پۇل ئۇسلۇبىنىڭ لايىھەسى تەكشۈرۈشكە سۇنۇلغاندا جۇ ئېنلەي زۇڭلى بىلەن لى فۇچۈن مۇئاۋىن زۇڭلىلى ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقى بويىچە بۇ لايىھەدىكى تيەنئەنمېننىڭ كۆرۈنۈشىنى ئادەتتىكى چاغلاردىكى تيەنئەنمېننىڭ كۆرۈنۈشىگە ئۆزگەرتىۋەتكەن.

## دۆلىتىمىز — ئەمەلدار ئەڭ كۆپ دۆلەت

«ئەزەر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەردە نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 57 دىن 58 گىچە بولۇپ، ھەر بىر نازارەت، ئىدارىدىن ئوتتۇرىچە بەشتىن ئارتۇق نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئەمەلدار بار، بۇنىڭدا سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە شۇكى، مەملىكىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى

مەزگىلدىكى بىر باشقارما ھازىر زورىيىپ، ئايرى-
لىپ بىرنەچچە ئىدارە ياكى ئوننەچچە باشقارمىغا
كۆپەيگەن. بۇ ژۇرنالدا تەھلىل قىلىنىشىچە، ئەمەل-
دارلارنىڭ بۇنداق تېز كۆپىيىشىدە ئارىمىسى سە-
ۋەبلەردىن باشقا، يەنە بىر رېئال سەۋەب بار، ئۇ
بولسىمۇ، ھازىرقى كادىرلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلـ-
مىسى پەيدا قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى
ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى مەمۇرىي دەرىجىسى
بىلەن ئۆلچەش ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي، ماددىي
تۇرمۇش تەمىناتىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت. بۇ
خىل ھالەت يۇقىرى قاتلامدىكى سىياسەت بەلگى-
لىگۈچىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىماقتا،
ئۇلار بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغ-
لىدى.

## دۆلەت زېمىنىمىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى

سۇنىڭ توپىنى ئېقىتىپ كېتىشى، يېڭى ئۆي-
لەرنىڭ سېلىنىشى، شەھەر ۋە يېزا - بازار كار-
خانىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچ-
كى قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى تۈپەيلىدىن ئېلى-
مىزنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى جىددىي ئازىيىپ
كېتىۋاتىدۇ. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئازىيىپ كەت-
كەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئۈچ يېرىم ياپونىيە زې-
مىنىغا باراۋەر كېلىدۇ.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاشلىق -
دېھقانچىلىق تەشكىلاتى ئېلان قىلغان ستاتىستىكىلىق
مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئېلىمىزدە ھازىرقى تېرىلغۇ
يەر كۆلىمى 1 مىليارد 500 مىليون موغا يەتمەي-
دىكەن، كىشى بېشىغا 1.4 مودىن تېرىلغۇ يەر
توغرا كېلىپ، دۇنيا بويىچە كىشى بېشىغا توغرا
كېلىدىغان سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا يەتمەيدى-
كەن. دۇنيادىكى ئاھالىسى 50 مىليوندىن ئارتۇق
بولغان 26 دۆلەت بويىچە دۆلىتىمىزنىڭ كىشى
بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يېرى ئارقىدىن
سانىغاندا 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالىملارنىڭ ھې-
سابلىشىچە، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى يەر بايلىقى
بىلەن تەخمىنەن 1 مىليارد 500 مىليوندىن
1 مىليارد 600 مىليون ئادەمنى باققىلى بولىدىكەن،
2025 - يىلغا بارغاندا، ئېلىمىزنىڭ نوپۇسى
بىر مىليارد 500 مىليونغا يېتىدۇ.

(«ۋېنخۇيباۋ گېزىتى» دىن)

## ھەر مىنۇتتا 45 ئادەم

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئېلىمىزدە ھەر يىلى
يېڭىدىن كۆپىيىۋاتقان 15 مىليون نوپۇسنىڭ ئاغ-
زىنىڭ ھەجىمىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، بېيجىڭ
شەھىرىدىكى زىجۇيۈەن باغچىسىنىڭ كۆلىمىگە تەڭ
كېلىدىكەن. بۇنچە يوغان ئېغىزنى قاچىلىغۇدەك ئاش-
لىق بىلەن تولدۇرغىلى بولامدۇ؟ 9 مىليون 600
مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىمىز نالە قىلماقتا!

1988- يىلى ئېلىمىزدە 22 مىليون 620 مىڭ
ئادەم تۇغۇلغان، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بو-
لىدۇكى:

ھەر ئايدا 1 مىليون 885 مىڭ ئادەم تۇ-
غۇلغان؛

ھەر كۈنى 63 مىڭ ئادەم تۇغۇلغان؛

ھەر سائەتتە 2625 ئادەم تۇغۇلغان؛

ھەر مىنۇتتا 45 ئادەم تۇغۇلغان.

ھازىر بىزنىڭ نوپۇسنى ئىزگىنلەش كۆرسەت-
كۈچىمىز:

كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى 47.17 پىرسەنت

ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇغۇش
سانى 2.47 .

بىر پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 47.82%

تۇغۇلۇش نىسبىتى مىڭدە 20.78 پىرسەنت

تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى مىڭدە 2.14 پىرسەنت

1986 - يىلدىن باشلاپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخى-
رىغىچە، 15 ياشتىن 49 ياشقىچە بولغان تۇغۇت
يېشىدىكى ئاياللار 280 مىليوندىن كۆپىيىپ 340
مىليونغا يېتىدۇ، ھەر يىلى تۇغۇت يېشىغا توشىدى-
غان ياش ئاياللار 12 مىليون ئەتراپىدا بولىدۇ.

## كومپارتىيە ئەزالىرى مىليونېر بولسا بولامدۇ؟

ۋېنجۇ شەھىرى گوخۇا ھەسسىدارلىق شىركى-
تىنىڭ باشلىقى خۇاڭ گوخۇا شىنخۇاشېنىڭ مۇخ-
بىرىدىن: كومپارتىيە ئەزالىرى مىليونېر بولسا
بولامدۇ؟ مىليونېر بولغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟
دەپ سورىغان. 40 ياشقا كىرگەن بۇ خۇسۇسىي
كارخانىچى ئىنتايىن غەم قىلغان ھالدا: مەن —
كومپارتىيە ئەزاسى، ھازىر بىر چوڭ باي بولۇپ
قالدىم، قانداق قىلىشىمنى زادى بىلەلمەيۋاتىمەن

دېگەن. ئۇ يەنە: مەن — بىر كومپارتىيە ئەزا-
سى، پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ بىر ئە-
زاسى. بۇندىن سەككىز يىل ئاۋۋال پرولېتارىيات ئۈ-
چۈن، كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىمە-
مەن دەپ قەسەم بەرگەن ئىدىم. لېكىن ھازىر
ئورغۇنلىغان جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ يېمەك - ئىچ-
مەك، كىيىم - كېچەك مەسىلىسى تېخى ھەل قىلىن-
ماي بولمىدى، ئۇلار ھازىرغىچە يېمەك - ئىچمەك،
كىيىم - كېچەك مەسىلىسىدە غەمدىن خالاس
بولمىدى، لېكىن مەن بولسام، بايىقىدەك تىنچلىپ
كەتكەن «بۇرژۇئازىيە»، «مۇلۇكدار» بولۇپ قال-
دىم، بۇ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلى-
مانلىق بولامدۇ؟ — دېمەي، بىز ئېيتسىپ بېقىڭلا،
مەن شىركىتىمنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشۇم، تېخىمۇ
تېزرەك تەرەققىي قىلدۇرۇشۇم كېرەكمۇ ياكى
ھازىرقى كۆلىمىنى ساقلاپ قالسىلا بولامدۇ؟
پارتىيە تەشكىلى بىزدەكلەرگە قانداق قارايدۇ؟
دېگەن.

خۇاڭ گوخۇانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭغا ئوخشاش
خۇسۇسىي كارخانىچىلار خېلى كۆپ ئىكەن، پەقەت
ۋېيجۇدىلا 25 مىڭدىن ئاشىدىكەن (بىر مۇنچىلىرى
ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايدىكەن)، مەملىكەتتە
بىز بويىچە نەچچە مىليونغا يېتىشى مۇمكىن.

(«خەلق سىياسىي مەسلىھەت گېزىتى» دىن)

## شاڭخەيدە ئىچىملىك ھەمراھلىرى ۋە كەسپىي تانسا ھەمراھلىرى بىكار قىلىندى

شاڭخەي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك
ئىدارىسىنىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش
ھەيئەتلىرىگە ئېيتىشىچە، ئىچىپ - ئويۇننى ئې-
چىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا زەربە
بېرىش، جىنسىي كېسەللىكنىڭ يامراپ كېتىشىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگان-
لىرى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قاۋاقخانا، مېھمان-
خانا - سارايلاردا شەھۋانىي مۇلازىمەت قىلىدى-
غان ئويۇلغۇچى ئاياللار، كەسپىي تانسا ھەمراھ-
لىرىنى قەتئىي چەكلىگەن، شەھۋانىي ئويۇنلار ۋە
ھەر خىل شەھۋانىي مۇلازىمەت تۈرلىرىنى قەتئىي
چەكلىمەكچى . بۇنىڭدىن كېيىن، قاۋاقخانىلار،
قەھۋەخانىلارنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچى ياللىشىغا
قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. بەچچىۋازلىق، جىنسىي كې-
سەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئۇكچىكلىك
جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جىنايىي جاۋابكارلىقى
جامائەت خەۋپسىزلىك ئارگانلىرى تەرىپىدىن سۈرۈش-
تۈرۈلىدۇ. شاڭخەيدىكى چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى
خادىملار ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەندىن شاڭ-
خەيگە كەلگەنلەرنىڭ پاھىشىۋازلىق قىلسا قانۇن بو-
يىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

(«ئازاد گېزىتى» دىن)

## يېڭى تىپتىكى قىزىل، يېشىل چىراغ

يېڭى تىپتىكى تاشيول قاتناش سىگنال چىرىغى
يېقىندا شاڭخەي پەن - تېخنىكا داشۆسىدە بارلىققا
كەلدى. بۇ چىراغنى بۇ مەكتەپتىكى گاۋ زەيچى
لايىھىلىگەن. بۇ خىل سىگنال چىراغتا رەڭ بىلەن
ئاددىي گېئومېتىرىك رەسىم شەكلى بىرلەشتۈرۈل-
گەن، ئۇ سىگنالنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرىدۇ: تىك
ئۇچ بۇلۇڭلۇق يېشىل چىراغ سۈرۈپ مېڭىشنى
بىلدۈرىدۇ؛ تەتۈر ئۇچ بۇلۇڭلۇق قىزىل چىراغ
توختاشنى بىلدۈرىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن، ياش
قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر ئىچىدە 8% ى، ياش
قۇرامىغا يەتكەن ئاياللار ئىچىدە 0.5% ى ئىگە
لەيدىغان رەڭ قارىغۇسى ياكى رەڭگە گۇڭگا ئىقت-
دارى ئاجىزلار قاتناش سىگنالىنى پەرق ئېتىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل قاتناش سىگ-
نال چىرىغى ئىشلىتىلسە، مۇقەررەر ھالدا قاتناش
قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ
چىقىدىغان بىر مۇنچە ۋەقەلەردىن ساقلانغىلى،
خەلقئارا تاشيول قاتنىشىدا ئۇزۇندىن بۇيان ساق-
لىنىپ كېلىۋاتقان بىر چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى
بولىدۇ.

## 100 يىلدىن بۇيان ئاپتوموبىل ۋەقەسىدە قازا بولغانلار 20 مىليونغا يەتكەن

گېرمانلار 1886 - يىلى ئاپتوموبىلنى ئىجاد
قىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 100 يىلدىن ئاشتى.
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر دۇنيادا تەخمىنەن
400 مىليون ئاپتوموبىل بار ئىكەن، 100 يىلدىن
بۇيان ئاپتوموبىل ۋەقەسىدە قازا تاپقان ئادەم
20 مىليوندىن ئاشىدىكەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر
تەشكىلاتىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 70 - يىللاردىن
بۇيان، دۇنيادا ھەر يىلى قاتناش ۋەقەسىدىن ئۆ-
لۈپ كېتىۋاتقانلار 300 مىڭدىن ئاشىدىكەن، قاتناش
ۋەقەسىدىن يارىدار بولغانلار 10 مىليونغا يېتىدىكەن،
بىۋاسىتە تەسىرگە ئۇچراۋاتقانلار 40 مىليوندىن
50 مىليونغىچە ئادەم ئىكەن.

## مۇشتىرىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ

**پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ سابىلام ئۆتكۈزگەندە، بەزى پارتىيە ئەزالىرى مەلۇم ئىشلار سەۋەبلىك يىغىنغا قاتنىشالمىسا، يىغىنغا قاتناشقان پارتىيە ئەزالىرىغا ئۆزىگە ۋەكالىتەن ئاۋاز بېرىشنى ھاۋالە قىلسا بولامدۇ - يوق؟**

قاراماي شەھىرىدىن: ئابدۇللا

بولمايدۇ. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ سايلام ئۆتكۈزۈشى ھەمدە ئاۋاز بېرىش جەددىي مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى سەۋەب كۆرسەتمەي قاتنىشىشى كېرەك. بەزى پارتىيە ئەزالىرى مەلۇم سەۋەب بىلەن قاتنىشالمايدىغان بولسا، رۇخسەت سورىشى كېرەك. رۇخسەت سوراپ يىغىنغا قاتنىشالمىغان يولداش ئۆز پىكرىنى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىغا ياكى باشقا پارتىيە ئەزاسىغا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ يىغىنغا يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما ۋەكالىتەن ئاۋاز بېرىپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلىشقا بولمايدۇ.

**پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىسى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولامدۇ - يوق؟ ئەگەر ئىستېپا بېرىشكە بولسا، قايسى دەرىجىلىك ئورۇن بېجىرسە بولىدۇ؟**

كورلىدىن: دىلشات

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىسى ئورۇنلۇق سەۋەب بىلەن پارتىيە تەشكىلىگە ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئىستېپا بېرىش تەلىپىنى ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىغا سۇنسا بولىدۇ. ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللانغاندىن كېيىن، ياچېيكا چوڭ يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ، قارار قىلىپ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىسا بولىدۇ. ئەگەر تەستىقلانمىسا پارتىيە تەشكىلىنىڭ قارارىغا بويسۇنۇپ، ۋەزىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلىشى لازىم.

**مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دەپ نام بېرىلگەن يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاپ قالالمىسا ياكى خاتالىق ئۆتكۈزسە، بېرىلگەن نامنى بىكار قىلىشقا بولامدۇ - يوق؟**

ئاقسۇدىن: زۇنۇن

مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دەپ نام بېرىلگەن يولداشلار شان - شەرەپنى قەدىرلەپ، داۋاملىق تىرىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشى ئۈچۈن، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشى لازىم. ئەگەر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە

ئەزاسىدەك خىسلەتنى ساقلاپ قالالمىسا، قايتا سايلىنىشقا بولمايدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسا، تەنقىد قىلىش لازىم، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرگە ئىنتىزام جازاسى بېرىش كېرەك. لېكىن ئادەتتە نامىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا تەشكىلىي رەسمىيەت ئۆتەش ۋە نامىنى بىكار قىلىشنى ئېلان قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

**كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈشتە ئاممىدىن پىكىر ئېلىشقا بولامدۇ-يوق؟ ئەگەر پىكىر ئېلىشقا بولسا بۇنى يازما ماتېرىيال قىلىشقا بولامدۇ؟**

قۇمۇلدىن: پاتىگۈل

كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى توشسا، پارتىيە ياچېيكىسى ئۇنى رەسمىيلەشتۈرۈشكە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن بۇرۇن، شۇ كاندىدات پارتىيە ئەزاسى تۇرۇشلۇق پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاشتىن سىرت (ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا ياچېيكا كومىتېتى مەزكۇر ياچېيكىدىن باشقا پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ قولغۇلا قىلىشىغا تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ)، ياچېيكا كومىتېتى كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق مەسىلەن، كىچىك تىپتىكى سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش ياكى ئايرىم پىكىر ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن پارتىيە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىسا بولىدۇ. پارتىيە گۇرۇپپىسىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقان پىكىرلەر ئومۇمەن يازما ماتېرىيال قىلىپ رەتلەنسە بولىدۇ. باشقا شەكىللەر ئارقىلىق ئېلىنغان پىكىرلەر ياچېيكا كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش پىكىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلسىمۇ ياكى ئاددىي يازما ماتېرىيال قىلىپ رەتلەنسىمۇ بولىدۇ.

**پارتىيە گۇرۇپپىسى پارتىيىنىڭ بىر دەرىجىلىك تەشكىلاتى ئەمەس. لېكىن پارتىيە گۇرۇپپىسى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ ھەم ئۇنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟**

خوتەندىن: توختى ئىمىن

پارتىيە گۇرۇپپىسى پارتىيىنىڭ بىر دەرىجىلىك تەشكىلاتى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆز ئورنىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات بىلەن، جۈملىدىن مۇشۇ تەشكىلاتلارنىڭ گۇرۇپپىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى رەھبەرلىك قىلىش بىلەن رەھبەرلىك قىلىنىش مۇناسىۋىتى ئەمەس. پارتىيە گۇرۇپپىسى ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى كېرەك، شۇنداقلا ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىش ۋە ماسلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

(بېشى 54 - بەتتە)

جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىلغاندا، پارتىيە بىلەن قىزىل ئارمىيىنى پارچىلاپ، ئۆز ئالدىغا قورچاق ئارمىيە قۇرغان، پارتىيىنىڭ قۇتقۇزۇشىنى قوبۇل قىلماي، 1938- يىل 4- ئايدا جىياڭ جېيشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنىدا ئەكسىيەتچىل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. 1948- يىل 11- ئايدا تەيۋەنگە قاچقان. 1949- يىل قىشتا شياڭگاڭغا كۆچۈپ بارغان. 1968- يىلى كاناداغا كۆچۈپ بېرىپ، 1979- يىل 12- ئايدا ئاغرىق سەۋەبىدىن كانادادا ئۆلگەن.

پەن ۋە تۇرمۇش

## ئەيدىز كېسەللىكى ئېلىمىزگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى

—مۇتەخەسسىسلەر دەرىجىدىن تاشقىرى راك كېسەللىكىدىن ھوشيار بولۇشنى مۇراجىئەت قىلماقتا

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئېلىمىزدە بىر مۇنچە مەشھۇر سىياسىئونلار، جەمئىيەتشۇناسلار، تېببىي مۇتەخەسسىسلەر ھەر خىل سورۇنلاردا جەمئىيەتكە مۇنۇلارنى مۇراجىئەت قىلماقتا: ئەيدىز كېسەللىكى ئېلىمىزگە تارقىلىپ كىرىشكە باشلىدى، ئېلىمىز خەلقى بۇ خىل دەرىجىدىن تاشقىرى راك كېسەللىكىگە بولغان تونۇشى كەمچىل، تەشۋىقات، كۆزىتىش، باشقۇرۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان، داۋالىغىلى بولمايدىغان ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تېببىي مۇتەخەسسىس پروفېسسور زېڭ يى مۇنداق دەيدۇ: يەر شارىدىكى 142 دۆلەتتە 5 مىليون ئادەم بۇ كېسەلنىڭ زەھىرىنى يۇقتۇردى. ھازىرغا قەدەر بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئۈچۈن ھېچقانداق ئۈنۈملۈك دورا تېپىلغىنى يوق. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ يېرىمى بىر يىل ئىچىدىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ، بەش يىلدا ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. مەلۇم بىر دۆلەتتە ھەر ئون ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم ئەيدىز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان، ھامىلدار ئاياللارنىڭ 30 پىرسەنتىدە، پاھىشە ئاياللارنىڭ 80 پىرسەنتىدە بۇ كېسەلنىڭ ۋىرۇسى بولىدىكەن. 1985-يىلى ئېلىمىزدە ئەيدىز كېسىلى بايقالغاندىن كېيىن، ئىمكانىيەتلىرىمىز چەكلىك بولغاچقا، ئاران 70 نەچچە ئادەمنىڭ قان زەردابى تەكشۈرۈلۈپ، 22 ئادەمدە بۇ كېسەلنىڭ ۋىرۇسى بارلىقى ئېنىقلاندى، ئۈچى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولدى. كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى بىر مۇنچە ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلار بۇ خىل دەرىجىدىن تاشقىرى راك كېسەللىكىگە بولغان تونۇشى يېتەرسىز، بەزى جايلاردا يوشۇرۇن پاھىشە ۋە شەھۋانىيلىق قىلىش بار، بەزى ياش ئەر-ئاياللار چەت ئەللىك پۇقرالار ۋە مۇھاجىرلار بىلەن قانۇنسىز جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاچقا، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان، كېسەللىك مىكروبىنى ئائىلىگە، جەمئىيەتكە تارقاتقان.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جوۋشۇفېن 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 6-سانلىق يىغىنىدا ئەيدىز كېسىلى مەسىلىسى ئۈستىدە پۈتكۈل جەمئىيىتىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىز بۇ ئىشقا سەل قارىماسلىقى كېرەك، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، كېيىن تېپىپ قالماسلىق ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش كېرەك. ئۇ بارلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئاممىغا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئەيدىز كېسەلگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشنى، كۆزىتىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشنى تەكلىپ قىلدى. ھەيئەت تاۋدا يۇڭ مۇنداق دېدى: مۇبادا بىز جىنسىي كېسەللىكلەرگە بولغان قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ، شەھۋانىيلىقنى قەتئىي توسىساق، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ھەيئەت خې ۋەنفېن دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەيدىز كېسەلنىڭ زەھىرى راك كېسەلنىڭ زەھىرىدىنمۇ ئېغىر، دەپ قارىدى ھەمدە ئەيدىز كېسەلنى بىرىنچى تۈردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى.

## ياشانغانلار نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟

ياشانغانلار تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلسا ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ: تاماكىنى ئاز چېكىپ، چاينى كۆپرەك ئىچىش، ئاش-تاماقنى ئازراق، سەي-كۆكتاتنى كۆپرەك يېيىش، ئاز يەپ، كۆپرەك چايناش، تۇزنى ئازراق، ئاچچىقسۇنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش، گۆشنى ئازراق، كۆكتاتنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش، شېكەرنى ئازراق، مېۋە-چېۋىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش، خاپىلىقنى ئازايتىپ، كۆپرەك ئېچىلىپ-يېيىلىپ يۈرۈش، بىئاراملىقنى ئازايتىپ، كۆپرەك ئۇخلاش، يالاڭراق كىيىنىپ، كۆپرەك يۇيۇنۇش، گەپنى ئاز قىلىپ، ئىشنى كۆپرەك قىلىش، لەپمىگە

بېرىلمەي، ئىلتىپاتچان بولۇش، ماشىنىغا ئازراق ئولتۇرۇپ، كۆپرەك پىيادە مېڭىش، كۆپرەك ھەرىكەت قىلىش، دورىنى ئاز ئىچىپ، كۆپرەك چېنىقىش.

بۇنى يېمەنچاقلىغاندا، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە چېچىلىپ كەتمەسلىك، ئاساسەن گۆشسىز تاماق يېيىش، سىرتقا چىققاندا كۆپرەك پىيادە مېڭىش، ئىش بىلەن دەم ئېلىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش.

## تاماكا چېكىدىغانلار تۆۋەندىكى سانلارغا قاراڭ

1. كۆك تاماكا تەركىبىدە 20 نەچچە خىل زەھەرلىك ماددا بولىدۇ؛
2. بىر تال سۈزگۈچلۈك تاماكىدىن 500 مىللىمېتر ئىس چىقىدۇ؛
3. تاماكا تۈتىكى ئىچىدە ئون خىلدىن ئارتۇق راك پەيدا قىلىدىغان ماددا بولىدۇ؛
4. بىر تامچا نىكوتىن 300 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى ئاتنىڭ ئۈچىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ؛
5. فرانسىيەدىكى تاماكا چېكىش مۇسابىقىسىدە ئۇدا 60 تال تاماكىنى چېكىپ غالىب چىققان تاماكا چېكىش ماھىرى سەھنىگە چىقىپ مۇكاپاتنى ئېلىشقا ئۈلگۈرمەي ئۆزى چەككەن تاماكىنىڭ ئىسى بىلەن تەڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان؛
6. شۋېتسىيەدە تاماكا چېكىپ ئۆلگەن ئادەم قاتناش ۋەقەسى تۈپەيلىدىن ئۆلگەن ئادەم سانىدىن بەش ھەسسە ئېشىپ كەتكەن؛
7. ئامېرىكىدا ھەر يىلى تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن ئاغرىپ ئۆلگەنلەر 350 مىڭدىن ئاشقان؛
8. ئۆپكە راكى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكى تاماكا چېكىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛
9. ئامېرىكا ھەر يىلى تاماكا چېكىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن 13 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئوشۇق پۇل سەرپ قىلىدىكەن.

## كۆزىڭىز ئېچىشىپ كەتكەندە...

لازا ئاقلىغاندا، يۇغاندا، توغرىغاندا، قورۇغاندا لازىنىڭ سۈيى چاچراپ كۆز ئېچىشىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا كۆزىڭىزنى ئاچالماي قالسىڭىز، تىلىڭىزنى چىقىرىپ، پۇرچاقنىڭ تۈزىنى تىلىڭىزنىڭ ئۇچىغا قويسىڭىز بىر نەچچە سېكۇنت ئۆتمەيلا ئاغرىق توختايدۇ. ئېچىشقان ئاچچىقمۇ پەسىيىدۇ.

## چۈمۈلە يەپ يۈرسە ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزىرامدۇ؟

چۈمۈلە ئىستېمال قىلغان ئادەم ساغلام ياشاپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەمدۇ؟ خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسى قىزىلىيۇلىۇز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پېنسىيەگە چىققان بېشقەدەم ئىشچىسى يەن جوڭىن 30 نەچچە يىلدىن بۇيان چۈمۈلە يەپ كەلگەن. ئۇ 73 ياشقا كىرگەندە يېڭىدىن بېجىرىم چىش چىققان ۋە ھازىرغىچە چۈشمىگەن، ئۇ ھەر يىلى يازدا چۈمۈلىنى تۇتۇپ، قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تۇخۇم سېرىقىدەك چوڭلۇقتا كومىلاچ ياسايدىكەن. ئۇنى ساپال خۇمىرىغا سېلىپ ھەم ئېتىپ قىش كىرگىچە قويۇپ قويىدىكەن. ئاندىن كۈنىگە ئىككىدىن-ئۈچكىچە كومىلاچنى يەپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ تەجرىبىسى چۈمۈلە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس ۋۇجىزۇنىڭ تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرىنچى قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تۇتقان يولى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرىنچى قۇرۇلتىيىنىڭ رەسمىي ۋەكىلى 12 كىشى بولۇپ، ئۇلار: ماۋزېدۇڭ، خې شۇخېڭ، دۇڭ بىۋۇ، چېن تەنچيو، ۋاڭ جىنمېي، دېڭ ئېنمىڭ، لى دا، لى خەنجۈن، جاڭگوتاۋ، لىيۇ رېنجىڭ، چېن گۇڭبو، جۇفۇخەيلەردىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا يەنە چېن دۇشيۇ ئەۋەتكەن بىر نەپەر ۋەكىل باۋخۇيزېڭمۇ بار. پارتىيىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ئۇلار شىددەتلىك ئىنقىلاب دولقۇنىدا، ھەركىم ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش يولىغا ماڭدى، ئۇلارنىڭ ماڭغان يولى ئاساسەن ئۈچ خىل.

بىرىنچى، كوممۇنىزم ئىشىرى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلغان يەتتە كىشى.

ماۋزېدۇڭ: ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، ستراتېگىيىچى ۋە نەزەرىيىچى. ئۇ پارتىيىمىز ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىي قىلىشى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى يولىدا كۈچ چىقارغان. ئۇ 1976 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

دۇڭبىۋۇ: ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، قانۇنشۇناس ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، دۆلىتىمىز خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى ۋە سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن 1975 - يىل 4 - ئايدا بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

لى دا: جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئاتاقلىق ماركسىزملىق پەلسەپىچىسى. بىرىنچى قۇرۇلتايدىن كېيىن، ئۇ چېن دۇشيۇ، جاڭگوتاۋلارنىڭ ئىستىلىدىن نارازى بولغانلىقتىن ۋە گومىنداڭ پارتىيىسىگە كىرىشنى خالىمىغانلىقتىن، 1924 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىققان. 1949 - يىلى 12 - ئايدا لىيۇشاۋچىنىڭ تونۇشتۇرۇشى، ماۋزېدۇڭ، لى ۋېيخەنلەرنىڭ تارىخىي گۇۋاھچى بولۇشى ئارقىلىق، ئۇ قايتىدىن پارتىيىگە كىرگەن. ئۇ خۇنەن داشۆسى ۋە ۋۇخەن داشۆسىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. ئۇ ماركسىزملىق پەلسەپە ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتلەردە كارامەت تۆھپە قوشقان. ئۇ 1966 - يىل 8 - ئايدا ۋۇخەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

چېن تەنچيۇ: 1939 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ۋە 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولغان. 1942 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭدىكى مىلىتارىست شېڭشىسەينىڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان، 1943 - يىل 9 - ئايدا

دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى)دە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن.

خې شۇخېڭ: مەركىزىي سوۋېت رايونىدا مەركىزىي ئىشچى ـ دېھقانلار دېموكراتىك ھۆكۈمىتى ئىشچى ـ دېھقانلار تەكشۈرۈش خەلق ۋەكىلى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىنقىلابىي بازىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. مەركىزىي قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىلغاندا، ئۇ ئىنقىلابىي بازىدا قېلىپ ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. 1935 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ئۇ فۇجيەننىڭ چاڭتىڭ دېگەن يېرى بىلەن ۋۇپىڭ چېگرىسىدا دۈشمەن تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنغاندا، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

دېڭ ئېنمىڭ: بىرىنچى قۇرۇلتايدىن كېيىن شەندۇڭغا قايتىپ، پارتىيە قۇرۇش خىزمىتى ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرغان. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چىڭداۋ شەھەرلىك ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، شەندۇڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان.

1928 ـ يىل 12 ـ ئايدا، ئۇ خائىنلارنىڭ ئاشكارا قىلىپ قويۇشى بىلەن قولغا ئېلىنغان، تۈرمىدە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان، 1931 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جىنەندە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ۋاڭ جىنمېي: 1 ـ قۇرۇلتايدىن كېيىن شەندۇڭغا قايتىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، ئىشچىلار ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جۇڭگو ئەمگەك بىرلەشمىسى شۇجىبۇسى شەندۇڭ شۆبە بۇسىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەندۇڭ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلاشقاندىكى بىرلىكسەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1925 ـ يىل 8 ـ ئايدا، ئۇ ھاردۇق يېتىپ ئاغرىقچان بولۇش سەۋەبىدىن چىڭداۋدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىككىنچى، پارتىيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن خەلققە پايدىلىق خىزمەت قىلغان ئۈچ كىشى.

لى خەنجۈن: بىرىنچى قۇرۇلتايدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، چېن دۇشيۇ، جاڭ گوتاۋلاردىن نارازى بولغان ھەمدە بىر قاتار مەسىلىلەردە ئېغىر ئىختىلاپ پەيدا بولغان. شۇڭا، ئۇ ئۆزلۈكىدىن پارتىيىدىن چېكىنگەن، پارتىيىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا پارتىيىدىن چىقىرىلغان. پارتىيىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، مىللىي ئىنقىلابقا ئاكتىپ ئاتلىنىپ، خۇبېينىڭ مىللىي مائارىپىغا تۆھپە قوشقان. ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1927 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋۇخەندە گۇاڭشى مىلىتارىستلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئېتىراپ قىلغان.

باۋ خۇيزېڭ: 1927 ـ يىلى تەنچاڭ قوزغىلىڭى قىسىملىرى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغاندا، ئاغرىق سەۋەبىدىن نەنچاڭدا قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئايرىلغان. پارتىيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھەربىي قىسمى ۋە ھۆكۈمىتى تارماقلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1948 ـ يىلى ئاۋمېنغا بارغان. 1949 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، خۇابېي خەلق ئىنقىلابىي داشۆسىدە ئوقۇغان، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن

كېيىن، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1957- يىلدىن كېيىن گوۋۇيۈەننىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1979- يىل 7- ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ليۇ رېنجىڭ: 1- قۇرۇلتايدىن كېيىن يەنىلا بېيجىڭ داشۆسىدە ئوقۇپ، ماركسىزملىق تەتقىقات ۋە تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 1926- يىلى پارتىيە موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن، 1929- يىل 8- ئايدا دۆلەتكە قايتقان. دۆلەتكە قايتىش سەپىرى ئۈستىدە، تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل دېگەن يېرىدىكى شاھزادە ئارىلىغا بېرىپ تروتسكىينى يوقلىغان. دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن، تروتسكىچىلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، پارتىيىدىن چىقىرىلغان. مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، بېيجىڭ سىفەن داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، كېيىن خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىگەن. 1987- يىل 8- ئاينىڭ 6- كۈنى ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ بېيجىڭدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۈچىنچى، پارتىيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خائىنلىق قىلىپ ئىنقىلابنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغان ئۈچ كىشى.

چېن گۇڭبو: 1- قۇرۇلتايدىن كېيىن گۇاڭجۇغا قايتىپ كەلگەن، پارتىيىنىڭ سۇن جۇڭشەن بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، «مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش»نى جاكارلىغاچقا، 1923 - يىلى پارتىيىدىن چىقىرىلغان. بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدە، گومىنداڭ دېھقانچىلىق - سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ۋاڭ جىڭۋېيگە ئەگىشىپ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولغان، نەنجىڭ خائىنلار ھۆكۈمىتىدە قانۇن چىقىرىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1944- يىلى ۋاڭ جىڭۋېي ئۆلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىنى ۋە قوشۇمچە مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىككىنچى چوڭ ۋەتەن خائىنى بولۇپ قالغان. 1946- يىل 6- ئايدا سۇجۇ تۈرمىسىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

جۇفوخەي: 1- قۇرۇلتايدىن كېيىن يەنىلا ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۇاڭجۇغا قايتقان، گومىنداڭ ئوڭچىلىرى ھەرىكىتىگە قاتناشقاچقا، 1924- يىلى قىشتا پارتىيىدىن چىقىرىلغان. بۈيۈك ئىنقىلاب جەريانىدا، جياڭ جيېشىغا ئەگىشىپ، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىدا تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ۋاڭ جىڭۋېيغا ئەگىشىپ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولغان. نەنجىڭ خائىنلار ھۆكۈمىتىدە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ۋە قوشۇمچە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۈچىنچى چوڭ ۋەتەن خائىنى بولۇپ قالغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، 1948- يىلى ئاغرىق سەۋەبىدىن نەنجىڭ تۈرمىسىدە ئۆلگەن.

جاڭ گوتاۋ: مەركىزىي بيۇرونىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەركىزىي سىياسىي بيۇرونىڭ ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي بيۇرونىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى،

(ئاخىرى 49 - بەتتە)

# رەھبىرى خادىملارنىڭ سەھنە پائالىيىتى توغرىسىدا

مەمتىلى دانى

رەھبىرى خادىملارنىڭ سەھنە پائالىيىتى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، بەلكى ناھايىتى مۇھىم ۋە ھالقىلىق پائالىيەتلەرنىڭ بىرى. چۈنكى ئۇ چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ، مىڭلىغان كۆزلەر ئۇلارغا تىكىلىپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل دىققەت - نەزەرى ئۇلارغا قارىتىلىدۇ، ھەتتا سۈرەت ۋە سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرىمۇ ئۇلارغا تىكىلەنگەن بولىدۇ. ئاخبارات ۋاسىتىسى ئارقىلىق يىغىن ئەھۋالى ۋە رەھبەرلەرنىڭ سەھنە پائالىيىتىدىن خەۋەردار بولىدىغان كىشىلەر ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. رەھبىرى خادىملارنىڭ سەھنە پائالىيىتىنىڭ قانداق بولۇشى پۈتكۈل خامائەت ۋە باشقا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىگە جىددىي ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى خادىملارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى خېلىلا ياخشى، ئۇلار بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئومۇمىي قائىدە سۈپىتىدە بەزى تەرەپلەرنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھەر ھالدا پايدىلىق دەپ ھېسابلايمەن.

رەھبەرلەرنىڭ سەھنە پائالىيىتى ئاساسەن مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، نۇتۇق پائالىيىتى، يەنە بىرى، ھەرىكەت پائالىيىتى. رەھبىرى خادىملارنىڭ نۇتۇق پائالىيىتىنىڭ ئەلىپبەسىدەك بولۇشى ئۈچۈن، نۇتۇققا نىسبەتەن تۆۋەندىكىدەك تەلەپلەرنى قويۇشقا بولىدۇ:

1. مەزمۇنلۇق بولۇش. چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا قىلىنىدىغان نۇتۇق ۋە سۆزنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر ھەم يېڭى، قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ: 1) پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۆز خىزمەتلىرىگە چېتىشلىق بولغان تۈرلۈك فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىدىن ئىمكان قەدەر تولۇق ۋە ئەتراپلىق خەۋەردار بولۇش، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىش، يېڭىلىق ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە ئىگىلەپ تۇرۇش، نەزەرىيىۋى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش. 2) خىزمەت ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى جىزمىلىدىن ئۇنىڭ تارىخى، ھازىرى ۋە يېقىن كەلگۈسىنى پىششىق ئۆگىنىش، بىلىش ۋە ئۇنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدىغان بولۇش. 3) نۇرغۇن مەسىلىلەر ئىچىدىن نۆۋەتتە قايسى مەسىلە ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ياكى مەلۇم بىر يىغىندا قايسى مەسىلىنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، شۇ ئاساستا گەپنى نىشانلىق قىلىش، قارا قۇيۇق سۆزلەۋەرمەسلىك. 4) پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە يىغىننىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزئارا چەمبەرچاس باغلىيالايدىغان، بۇلارنىڭ نۇتۇقتا تۇتىدىغان سالمىقىنى بەلگىلىيەلەيدىغان. ئۇنى ئەھۋالغا قاراپ

مۇۋاپىق ۋە ئەركىن تەكشۈرەلەيدىغان بولۇش.

2. **قايىل قىلارلىق بولۇش.** بىرەر ياخشى مەزمۇننىڭ قايىل قىلارلىق بولۇۋېرىشى ناتايىن. نۇتۇقنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ئۇنىڭ ئۈنۈمىدە كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «كېسەلگە توغرا دىئاگنوز قويۇش»نى، «دورىنى قانداق ياساش»نى ۋە «بىمارغا لايىقىدا دورا بېرىش»نى ئۆگىنىۋېلىش ناھايىتى مۇھىم.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا نۇتۇقنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە مۇناسىۋەتلىك يەنە مۇنداق بىر قانچە تەرەپ بار: 1) مەنتىقىلىق. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇنداق ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، پىكىرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشىدىكى مەنتىقىلىق؛ يەنە بىرى، پىكىرنىڭ رېئاللىققا ئۇيغۇن بولۇشىدىكى مەنتىقىلىق. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇھىم. نۇتۇقنىڭ باش، ئوتتۇرا ۋە ئاياغ قىسىملىرىنىڭ، ئابزاسلار بىلەن ئابزاسلارنىڭ مۇناسىۋىتى كۈچلۈك مەنتىقىلىققا ئىگە بولمىسا، ياكى بۇ جەھەتتىن مەسىلە يوق دېيىلگەندىمۇ كۆز قاراشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى رېئاللىقتىن چەتلەپ كەتسە، مۇنداق نۇتۇقنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ. 2) ماھىرلىق. سۆزلىگۈچى ھامان ئۆز نۇقتىئىنەزىرى ياكى تەشەببۇسىنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تولۇق ياكى ئاساسەن قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىشنى، بەلكى ئۇنىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلىنىشىنى كۈتىدۇ. ۋاھالەنكى، كۆپىنچە ھاللاردا ئامما بىلەن رەھبەرنىڭ كۆز قارىشى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئارىلىق ساقلىنىپ تۇرغان بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش، بىر رەھبەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەرگىز ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىگەندە رەھبەر ئاممىنىڭ رايىنى ئىگىلىشى، قانداق قىلغاندا ئۇلارنى ئىدىيە جەھەتتىن قايىل قىلىپ، ئۆز كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى، پىكىرلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇشى لازىم بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىش، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش، ئەسلىتىش، سېلىشتۇرۇش، چۈشەندۈرۈش، يېتەكلەش، بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئېتىراپ قىلىش، ئامما ھەقىقىي تۈردە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزاھات بېرىش ياكى ئۇنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، زۆرۈر تېپىلغاندا ئىمكانىيەت يار بېرىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ. 3) كونكرېتلىق. قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە دېيىلگەن نۇتۇقلار كۆپىنچە كونكرېتراق بولىدۇ ھەم شۇنداق بولۇشى لازىم. ئابستراكت ئۇقۇملار، دەبدەبىلىك گەپلەر ۋە قېلىپلاشقان سۆزلەر بىلەن كىشىنى قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كونكرېت ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، پاكىت سۆزلەش، ئېھتىياج تۇغۇلغاندا سانلىق مەلۇمات بېرىش، رېئاللىققا يۈزلىنىش كېرەك. 4) پۇختىلىق. كىشىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە بۇ جەھەتتە پۇختا تەييارلىق كۆرۈش، كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. بەزى رەھبەردىي خادىملارنىڭ ئالاھىدە سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاممىنىڭ مەسىلىلەرگە قاراش جەھەتتىكى سەۋىيىسى باشقا رەھبەردىي يولداشلاردىن كۆپ قېلىش-

مايدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى ئادەتتىكى گەپلەر بىلەن قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئاغزاكى سۆزلىمەكچى بولغانلار پىكىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن ياخشى پىششۇرۇۋېلىشى، يېزىقچە سۆزلىمەكچى بولغانلار شارائىت يار بەرسە مۇددەتتىن بۇرۇن يېزىپ پۈتتۈرۈپ، قايتا - قايتا پۇختىلىشى لازىم. ئاغزاكى سۆزلىمەكچى بولغانلار تەييارلىقسىزلا سۆز باشلىسا، چوقۇم نۇتقى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. بۇنداق نۇتۇقنىڭ قايىل قىلىش كۈچىدىن گەپ ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

3. ئىپادىلىنىش ياخشى بولۇش. نۇتۇق تەبىئىي، بىمالال ۋە جانلىق ئىپادە قىلىنغاندىلا، ئاندىن كىشىنى جەلپ قىلالايدۇ، قايىل قىلىش كۈچى ئاشىدۇ. ئەكسىچە ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۇسۇل ياخشى بولمىسا، ھەرقانداق بىر ئالاھىدە پىكىرمۇ ئادەتتىكى گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، خۇددى ياخشى تېكىستكە سېلىنغان نادىر ئاھاڭنى ناخشا ئېيتىشنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشاش ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. نۇتۇقنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا مۇنداق بىر قانچە جەھەتلەرگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: 1) سالماقلىق. نۇتۇق سۆزلىگەندە تولۇق روھىي تەييارلىقتا بولۇش، جىددىيلەشمەسلىك، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، دۇدۇقلىماسلىق، كەيپىيات ۋەزمىن، تىل ئوچۇق بولۇش لازىم. 2) ئەستايىدىللىق. نۇتۇقتا نىسبەتەن جىددىي ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، ئەزمىلىك قىلماسلىق، پىكىرنى ئورۇنسىز سوزماسلىق، سۆز - جۈملىلەرنى بىھۇدە تەكرارلىماسلىق، «ھە، بۇ، دېمەك، شۇنىڭ ئۈچۈن» دېگەندەك باغلىغۇچىلار ۋە قىستۇرما سۆزلەرنى كۆپەيتمەسلىك كېرەك. 3) ئۇدۇللۇق. نۇتۇقتا پىكىرنى تولىمۇ ئەگىتمۇتمەسلىك، ھەشەمەتلىك گەپلەرنى كۆپ قىلىشقا بېرىلمەسلىك، ئورتاق تىلدا سۆزلەش، كىشىلەر ئادەتتە كۆپ قوللىنىلمايدىغان دىئالېكت سۆزلەر، قەدىمكى سۆزلەر، ئەدەبسىز سۆزلەر ياكى چەتئەلچە سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىپ، سۆز ئويۇنى ياكى ياساملىق قىلماسلىق، ئۆزىنى سۆزمەن كۆرسىتىشكە ئالدىرىماسلىق، باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويماسلىق لازىم. 4) راۋانلىق. نۇتۇقتا سۆز - جۈملىلەر گرامماتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن، ئىستېمال ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىلىشى جايىدا، ئۇرغۇ ۋە ئىنتوناتسىيە تەلەپكە لايىق بولۇشى كېرەك. 5) بىر خىللىق: (1) تىلدىكى بىر خىللىق. رەھبىرىي خادىملار ئادەتتىكى كىچىك سورۇنلاردا كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تىلدا ياكى ھەر ھالدا ھەممەيلەن چۈشىنىپ كېتەلەيدىغان باشقا بىر خىللا تىلدا سۆزلىسە بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلغاندا ۋاقىتنى تېجەپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ. بىراق، چوڭ-چوڭ سورۇنلاردا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بىر خىل تىلدا يەنە ئۆز مىللىتى تىلىدا سۆزلەپ، تەرجىمانىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. بولمىسا سۆز - جۈملىلەرنى تەلەپپۇز ۋە ئاھاڭ جەھەتتىن بۇزۇپ قويۇپ، ئېغىر بولسا، سىياسىي خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، يېنىك بولسا، چۈشىنىكسىزلىك ۋە ئېنىقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ھەتتا كۈلكىلىك ئەھۋال پەيدا قىلىپ قويۇشى، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ جامائەت ئالدىدىكى بىر ئوبدان ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈۋېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئىككى تىلدا ھېچقانداق ياكى ئانچە چاندۇرماي سۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، زۆرۈر تېپىلغاندا، بىۋاسىتە شۇ تىلدا ياكى ئارقا - ئارقىدىن ئىككى خىل تىلدا سۆزلىسە بولىدۇ. ئەمما چوڭ سورۇنلاردا ئۆز نۇتقىنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆزى قىلىش رەھبەرنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئەمەس. (2) ئاۋاز كۈچىدىكى بىر

خىللىق. قىسقا نۇتۇقلاردا ئانچە كۈچەپ كېتىلمەيدۇ. ئەمما ئۇزۇن، بىر نەچچە سائەتلىك نۇتۇقلار كىشىنى خېلىلا زورۇقتۇرۇپ قويىدۇ. بىراق نۇتۇق مەيلى قانچە ئۇزۇن بولسۇن، باشتا قانداق مۇقام بىلەن باشلانسا، ئاخىرىغىچە شۇ مۇقام ساقلاپ قېلىنىشى تۈزۈك. مۇقامنى باشتىكىدىن كۈچەيتىشكىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئاجىزلىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ نۇتۇقنى دەسلەپتە يۇقىرى ئاۋازدا باشلاپ، كېيىنچە بارغانسېرى تۆۋەنلىتىشكە مەجبۇر بولۇشىدەك ئەھۋاللار شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىكى ئاۋاز قابىلىيىتىگە ۋە ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا نىسبەتەن توغرا مۆلچەرنىڭ بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرى، سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ ئاۋاز سۈپىتى، ئاۋاز يۇقىرىلىقى، ئاۋاز كۈچى ۋە ئاۋاز بەرداشلىقى قاتارلىقلارنى توغرا مۆلچەرلەش ئاساسىدا نۇتۇق ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ تۇرۇپ ئاۋاز يۇقىرىلىقىنى مۇۋاپىق بەلگىلىشى كېرەك. ئىككىنچىسى، مىكروفوننى ياخشى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. بەزىلەر مىكروفوندىن يىراق تۇرۇۋېلىپ ئۆز ئاۋازىنى كۈچەيتمەكچى بولىدۇ. مۇنداق قىلغاندىن كۆرە، مىكروفونغا سەل يېقىنلاشسا ياكى ئۇنى سەل ئالدىغا تارتسىلا پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىسىمۇ كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇزۇن نۇتۇقلاردا چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاتىقلىق رەھبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك قابىلىيەتلەرنىڭ بىرى. بۇ خىل قابىلىيەت خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە نۇتۇق ئەمەلىيىتى داۋامىدا تەدرىجىي يېتىلىدۇ ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ئادەتتە، سورۇنغا كىرگەن ھەممە رەھبىرىي خادىملار نۇتۇق سۆزلەۋەرمەيدۇ. ئەمما ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا كۆزگە ئەڭ ئاسان چېلىقىدىغان ئورۇندا ئولتۇرىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگەن خادىممۇ نۇتۇقنىڭ ئالدى - كەينىدە تۈرلۈك سەھنە ھەرىكەت پائالىيەتلىرىدە بولىدۇ. سەھنىدىن ئورۇن ئالغان يولداشلارنىڭ ھەر بىر كىچىك ھەرىكىتى خۇددى كىنو ئېكرانىدىكى كۆرۈنۈشلەردەك جامائەت ئالدىدا مانا مەن دەپ ئوپ - ئوچۇق كۆزگە تاشلىنىپلا تۇرىدۇ. بۇ خىل كۆرۈنۈشلەرنىڭ قانداق بولۇشى ئاممىنىڭ نەزەرىدىكى رەھبىرىي خادىم ئوبرازىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سەھنە ھەرىكەت پائالىيىتىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەرنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1. جەزبىدار بولۇش. نۇتۇق سۆزلەۋاتقان كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جەزبىدارلىق (جەلپ قىلىش قابىلىيىتىنىڭ بولۇشى) ناھايىتى مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن: 1) روھىي جەھەتتە جۇشقۇن، تېتىك ۋە جانلىق ھالەتتە تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى رەھبىرىي خادىملاردا بولۇشقا تېگىشلىك سالماقلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈش، قاپىقىنى تۈرۈۋالماسلىق ياكى تولا ھىجىيىۋەرمەسلىك لازىم. 2) ئاغزاكى نۇتۇق سۆزلىگەندە كۆپچىلىككە قاراپ تۇرۇپ سۆزلەش، تارتىنماسلىق، قانداقتۇر ئالدىدىكى بىر قانچە رەتتىن ياكى ئۈستەلدىن كۆز ئۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالماسلىق؛ يازما نۇتۇق سۆزلىگەندىمۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ كۆپچىلىككە قاراپ قويۇش، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالماسلىق، قەغەزدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويماسلىق كېرەك.

2. سالاپەتنى ساقلاش. مەيلى نۇتۇق سۆزلىگەن ياكى نۇتۇق سۆزلىمىگەن ھەرقانداق بىر رەھبىرىي يولداش ئۈچۈن ئېيتقاندا، سەھنە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ۋاقتىدىكى سالاپەت مەسىلىسىگە دىققەت قىلىش ناھايىتى زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن: 1) ئولتۇرغان ياكى ئۆرە تۇرغان ۋاقىتتىكى ھالەت تەبىئىي، راۋۇرۇس بولۇش، قىڭغىر، سىڭايان بولۇۋالماسلىق، كىدىيىۋالماسلىق ھەم مۈك-

چىڭىۋالماسلىق، قول - پۇت ھەرىكىتى نورمال بولۇش، پۇتىنى ئاقىلىداتماسلىق، ئىككىلىداتماسلىق لازىم. 2) يۈز - قولنى پاكىز، چاچ ساقالنى مۇۋاپىق، كىيىنىشى رەتلىك بولۇش، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەڭگى ئۆز ئارا ماس بولۇشنىڭ سىرتىدا يەنە ئۆزىنىڭ يېشى، سالاپىتى، خاراكتېرى، تېرىسى، مۇھىتى قاتارلىقلارغىمۇ ئۇيغۇنلاشقان بولۇش كېرەك. چوڭ سورۇنلاردا چاپان ياكى پەلتونى يېپىنىپ ئولتۇرماسلىق لازىم. 3) بۇرۇن، قۇلاق، كۆز ۋە تىرناقلارنى كولىماسلىق، بېشىنى ۋە يۈز - كۆزىنى تولا سىلاۋەرمەسلىك، بەدىنىنى، جىلىمىدىن گەدىنىنى تولا قاشلىماسلىق، دىمىقىنى قاقماسلىق، گېلىنى قىرماسلىق، بۇرنىنى تارتماسلىق، گېلىدىن سەت ئاۋاز چىقىرىپ تۈكۈرمەسلىك، ھىشقىرماسلىق، كېكىرمەسلىك، ئاۋاز چىقىرىپ ئەسنىمەسلىك، چۈشكۈرمەسلىك، چاينى كوكۇرۇتۇپ ئىچمەسلىك، كۇرۇشكىنى چاراڭشىتىپ قويماسلىق لازىم.

چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى سالاپەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان يامان ئادەتلەر. ئەگەر مۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ بەزىلىرىدىن ساقلىنىشقا مۇمكىن بولمىسا مىكرافوننىڭ كۆنۈپكىسىنى بېسىۋېتىش، مىكروفوننى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ياكى ئۆزىنى بىر ئاز دالدىغا ئېلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئادەتتە بولۇپمۇ چۈشكۈرۈك تەساددىپىي ۋە ناھايىتى تېز كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا يول قويۇلسا كىشىنى ئوسال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى چۈشكۈرۈك كېلىۋاتقانلىقنى سېزىلگەن ھامان چاندۇرتمايلا بىگىز قولنى توغرىسىغا قىلىپ بۇرۇننىڭ ئاستىنى يەنى ئۇستىلون كالپۇكنىڭ يۇقىرىسىنى بېسىۋېلىش كېرەك. شۇنداق قىلىنسىلا ھەر قانچە كۈچلۈك كەلگەن چۈشكۈرۈكمۇ يېنىپ كېتىدۇ.

3. يامان تەسىر بېرىشتىن ساقلىنىش.

رەھبەردي خادىملارنىڭ سەھنىدىكى ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتى تۆۋەندىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئەمما مۇھىمى تەسىرى يامانراق بولمىغان ئىش - ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش سەھنە پائالىيىتىدە چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم بىر پرىنسىپ. بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەر. 1) تاللىشىپ قالماسلىق. بەزى مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلار بىردەك بولمىسا، ئۆزىنىڭ قارىشى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئاممىۋى سورۇندا تالاش - تارتىش قىلىپ، جېدەللىشىپ، ئاممىغا يامان تەسىر بېرىشكە بولمايدۇ. 2) بىپەرۋالىق قىلماسلىق. بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە رەھبەردي يولداشلار سەھنىدە ئولتۇرۇۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما چوقۇم مىكروفوننى يىراقلاشتۇرۇش كېرەك. بىپەرۋالىق قىلىپ ئاۋازنى كانايغا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. 3) چالۋاقىماسلىق. زىيادە ئاچچىقلىنىش ياكى ئورۇنسىز چېچىلىش، ئۆزىنى بېسىۋالالماسلىق ئاممىۋى سورۇنغا ياراشمايدۇ. شالىسى چاچراپ كېتىش، بۇرنى بۇزۇلۇپ كېتىشلەر بولسا كىشىنى تېخىمۇ ئوساللاشتۇرۇپ قويىدۇ. 4) مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماسلىق. ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، سەھنىدە نېمە سالاھىيەت بىلەن ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئۇخلاپ قېلىش ياكى مۈگدەپ ئولتۇرۇش مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئاممىدا ھەرگىز ياخشى تەسىر قالدۇرمايدۇ.

رەھبەردي خادىملارنىڭ سەھنە پائالىيىتى خىزمەت ۋە يىغىنلارنىڭ خاراكتېرى، دائىرىسى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بۇلارنى ئەستايىدىل ئىگىلەشكە ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ھوشيارلىق بىلەن ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.



# «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ مەھشەر كۈنى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

بۇ قېتىمقى كۈرەش داۋامىدا، ئالدى بىلەن چوقۇم خۇاگوفېڭنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇنى ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان، ماركسىزمچى كوممۇنىست سىياسىي بيۇروسى بىردەك ماقۇللىغان، بۇنداق بولۇشىنى تارىخىي شارائىت بەلگىلىگەن ئىدى. بۇ ھەم تارىخىي، ھەم ئەمەلىي ئىش ئىدى. ھازىر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئەلۋەتتە ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇش، خۇاگوفېڭغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى. بۇ زور تەشكىلىي پىرىنسىپ مەسىلىسى بولۇپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى زۆرۈر شەرت ئىدى. شۇڭا يې جيەنيىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن خۇاگوفېڭغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان شارائىتىنى ۋە تەشەببۇسلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئىگىلىدى، شەخسەن ئۆزى بىۋاسىتە خۇاگوفېڭنىڭ شىجاخۇتۇڭدىكى ئولتۇراق ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سىرداشتى. شۇ چاغدا خۇاگوفېڭمۇ دەل بۇ چوڭ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. يې جيەنيىڭ بىلەن خۇاگوفېڭ كۆپ قېتىم سۆزلىشىش داۋامىدا شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنى پاش قىلىش توغرىسىدا كېڭەشتى. مارشال يې جيەنيىڭ ئۇنىڭدىن رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقنى، باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى قەتئىي ئۈمىد قىلدى ھەمدە ئۇنى پېشقەدەم يولداشلارنىڭ قېشىغا پات-پات بېرىپ پىكىر ئاڭلاپ بېقىشقا ئۈندىدى. خۇاگوفېڭ ئۆز سالاھىيىتىدىن، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ قوللىماسلىقىدىن ئەندىشە قىلدى. يې جيەنيىڭ ئۇنىڭغا: «سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنى قوللايمەن، پېشقەدەم يولداشلارمۇ سىزنى قوللايدۇ. پەقەت سىز ئوتتۇرىغا چىقسىڭىزلا، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى سىزنى قوللايدۇ» دەپ ئىلھام بەردى. خۇاگوفېڭ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدىكى ئەندىشىلەرنى تۆكۈپ، پېشقەدەم يولداشلار تىرەك بولسىلا، بۇنىڭ ئاسانغا توختايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن پېشقەدەم يولداشلارنى ئىزدەپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، پىكىر ئالماشتۇردى، كۈرەشكە بولغان ئىرادىسىنى ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

### كەلدى يامغۇر شەپىسى

مەھشەر كۈنىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىر سېكۇنت ۋاقىتنىمۇ قولدىن بەرمەي، ئەكسىلئىنقىلابىي ھوقۇق تارتىۋېلىش تەييارلىقىنى كۈچەيتتى.

9-ئاينىڭ 16-كۈنى «تۆت كىشىلىك گۇ-

رۇھى، «ئىككى گېزىت، بىر ژۇرنال»نىڭ باش ماقالىسىدە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «بەلگىلەنگەن فاڭجېن بويىچە ئىش كۆرۈش» دېگەن ئاتالمىش ۋەسىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بولۇشىچە تەشۋىق-تەرغىب قىلدى.

9-ئاينىڭ 19-كۈنى، جياڭ چىڭ خۇاگوفېڭغا تېلېفون بېرىپ مۇزاكىرە قىلىنىدىغان چوڭ مەسىلە بارلىقىنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنى دەرھال چاقىرىشنى، ئەمما مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يې جيەنيىڭنى بۇ يىغىنغا قاتناشتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆزى، ياۋ ۋېنيۈەن، ماۋ يۈەنشىنلەرنىڭ يىغىنغا جەزمەن قاتنىشىش كېرەكلىكىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى (ئۇلار ئۈچىلىسى دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئەمەس). يىغىننىڭ قانداق مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جياڭ چىڭ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يىغىن ئېچىلغاندا، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەر ماۋزېدۇڭنىڭ ماتېرىيال، ئارخىپ، كىتابلىرىنى ماۋ يۈەنشىنگە بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر مەزگىللىك تالاش-تارتىش ئارقىلىق يىغىن ئۇلارنىڭ يولسىز تەلىپىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىپ، ماۋزېدۇڭنىڭ ھۆججەت، ماتېرىياللىرى، ئارخىپلىرىنى مەركىزىي كومىتېت ئىشخانىسى پېچەتلەپ ساقلايدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

9-ئاينىڭ 21-كۈنى، جاڭ چۈنچياۋ بېيجىڭدا شۈجىڭشەننى يالغۇز قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ نەنجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى دىڭ شىڭ قاتارلىقلار بىلەن مەخپىي پىلانلىغان قوراللىق كۆتۈرۈلۈش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. شاڭخەيدە 70 مىڭدىن ئارتۇق قورال-ياراق زەربىدارلىق بىلەن تارقىتىلدى، بۇنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، شاڭخەي شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شۇ چاغدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» شاڭخەي، خۇنەن، ئەنخۇي قاتارلىق جايلاردا قورال-ياراقتىن 48 مىڭ 400 دانە، قوماندانلىق ماشىنىسىدىن ئون؛ رادار ئارقىلىق قوماندانلىق قىلىش ئۈسكۈنىسىدىن ئون يۈرۈش، ئاپتومات زاپچاسلىرىدىن 418 مىڭنى ياسىغان ۋە قۇراشتۇرغان. ئۇلار قۇراللىق ئارمىيە قوشۇنىدىن 30 تۈمەننى، ئون توپچىلار شىتىنى، بىر تانكا شىتىنى، بىر موتسىكلىت شىتىنى قوراللاندۇرۇش، 130 مم لىق زەمبىرەكلىك راكېتادىن 108 نى، زېنىت توپىدىن 783 نى سەپلەپ بېرىشنى پىلانلىغان. بۇ سانلار گەرچە ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن مەلۇم مۇددىئانى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

9-ئاينىڭ 23-كۈنى، ۋاڭ خۇڭۋېن ۋاڭ شيۇجېنغا تېلېفون بېرىپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش كېرەكلىكىنى، كۈرەشنىڭ تېخى ئاياغلاشمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ شاڭخەيدە 4000 خەلق ئەسكىرى تەشكىللەش كېرەك، 400 مىڭ دانە قورال-ياراق بولۇشى، خەلق ئەسكەرلىرى توپ بىلەن قوراللاندۇرۇلۇشى كېرەك دەپ جار سالدى. ئەمەلىيەتتە ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، شاڭخەيدە يەرلىك خىراجەتتىن 80 مىليون يۈەن سەرپ قىلىنىپ، غايەت زور مىقداردا قورال-ياراق خۇپىيانە ياسالدى. ماۋزېدۇڭنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىپ 2-كۈنىلا، ئىسكىلاتتا ساقلىنىۋاتقان نەچچە يۈز مىڭ قورالنى ئاساسىي قاتلام خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا تارقىتىپ بېرىش. «ئىككىنچى قوراللىق» كۈچىنى كۆ-

چېيىتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلغان.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، جاڭچۈنچياۋ كاتىپى شاۋمۇنى شاڭخەيگە ئەۋەتىپ، ماتيەنشۈي، شۈجىڭشيەن، ۋاڭشۇجىن قاتارلىقلارغا «ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش»، «ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش»لارنى ئۇقتۇردى. ھەمدە: «بۇرژۇئازىيە كۈچىنىڭ يەنىلا بارلىقىنى كۆرۈش كېرەك. مەسىلە كىمنىڭ قوماندانلىق قىلىشىدا!؟» دېدى، ئۇنىڭ ئۇچۇقتىن - ئوچۇق «قوماندانلىق قىلىش» مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىشقا تەييارلانغانلىقى ئېنىق ئىدى.

9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدا چوڭ غەۋغا كۆتۈردى. بۇ ئۇلارنىڭ ئادەتتىكە ئايلانغان بىشەملىكى ئىدى. سىياسىي بيۇرونىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقاتتى، ھەمىشە بىرسى پىكىر بايان قىلسا، ئۈچىلىسى قوللاپ، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ، بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىۋالاتتى. بۇ قېتىمقى يىغىندىمۇ جياڭچىڭ: «رەئىس ماۋزېدۇڭ ئالەمدىن ئۆتتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ يالىڭاچلا ئوتتۇرىغا قويدى، ۋاڭخۇڭۋېن، جاڭچۈنچياۋلار ھەمنەپەس بولۇپ، جياڭچىڭنىڭ خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئۇنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا رەئىس قىلماقچى ئىدى. ئۇلار يەنە ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك ماۋيۈەنشىننىڭ لياۋنىڭغا قايتىش - قايتماسلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئالدىنئالا پىلانلاش ئارقىلىق ماۋيۈەنشىننىڭ مەركىزىي كومىتېتقا بۇ ئىش توغرۇلۇق خەت يازغانىدى. يىغىندا ئۇ خەت ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يې جيەنيىڭ، لىشيەننيەن قاتارلىقلار ماۋيۈەنشىننىڭ بېيجىڭدا قېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىدى. بۇنىڭ بىلەن جياڭچىڭ چېچىلىپ كەتتى، ئارقىدىنلا جاڭچۈنچياۋ ماۋيۈەنشىننىڭ بېيجىڭدا قېلىپ ماۋزېدۇڭنىڭ ھۆججەت، ماتېرىيال، ئارخىپلىرىنى بىر تەرەپ قىلسۇن دېدى. ئۇ يەنە «3 - ئومۇمىي يىغىندا بېرىلىدىغان سىياسىي دوكلات»نى ماۋيۈەنشىننىڭ تەييارلىسۇن دېگەن پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، 3 - ئومۇمىي يىغىننى چاقىرىش يولى بىلەن ئاشكارىدىن - ئاشكارا پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ، ھوقۇق تارتىۋالماقچى بولدى. بۇ يولسىز تەلەپلەر شۇ زامانلا كۆپ سانلىق سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. جياڭچىڭ شۇنداقلا ۋارقىراپ - جارقىراپ، «ئىشنى يوقلار» كەتسۇن دېدى، خۇاگوفېڭغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يىغىن ئىلاجىسىز تارقىلىپ كەتتى. يىغىندىن كېيىن، جياڭچىڭ ۋاڭدۇڭشىڭنى ماۋزېدۇڭنىڭ ھۆججەت - ماتېرىياللىرىنى بېرىشكە زورلىدى. ۋاڭدۇڭشىڭ يې جيەنيىڭدىن قانداق قىلىشنى سورىغاندا ئۇ قەتئىي تاقابىل تۇرۇش كېرەك! دەپ جاۋاب بەردى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، خۇاگوفېڭ لىشيەننيەننىڭ قېشىغا ئالاھىدە بېرىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا كېڭىشىپ، ئۇلارغا قارشى كۈرەشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ دەپ قارىدى. خۇاگوفېڭ لىشيەننيەندىن سىز ماڭا ۋەكالىتەن يې جيەنيىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ ئىشنى قانداق ئۇسۇل بىلەن، قايسى ۋاقىتتا ھەل قىلىش مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى

ئەستايىدىل ئويلىشىپ كۆرسىڭىزلەر، دەپ ئۆتۈندى يەنە شۇ كۈنى مارشال نې رۇڭجېن شەھەردىكى ئولتۇراق جايىدىن ياڭ چىڭۋۇنى يې جىيەنيىڭنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا: «تۆت كىشىلىك گورۇھ» — بىر ئوچۇم ئەكسىلئىنقىلابچىلار، ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا قول سېلىپ، دېلىقشىۋېلىپ ۋە يې جىيەنيىڭلارغا يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى. ھازىر پارتىيە ئىچىدىكى كۆرۈش ئىمكانىيەت نورمال ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئالدىدىلا قول سېلىپ، كەسكىن تەدبىر قوللانساق، ئاندىن باشقىچە ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا تاپىلاشنى ئېيتتى. يې جىيەنيىڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياڭ چىڭۋۇغا: «سىز مارشال نې رۇڭجېنغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇ خاتىرجەم بولسۇن» دېدى ھەمدە كۆيۈنگەن ھالدا: «قۇۋ توشقاننىڭ ئۇۋىسى ئۈچ دېگەن گەپ بار. مەن دەرھال كۆچۈپ كېتىشىم كېرەك، مارشال نې رۇڭجېنغا ئېيتىڭ، ئۆزىمۇ پەخەس بولسۇن!» دېدى.

## شىمەندىن «ئۇچۇپ چىقىش»

«تۆت كىشىلىك گورۇھ» يې جىيەنيىڭنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىۋېلىپ ۋاڭ خۇڭۋېننى شىمەنگە كىرگۈزۈپ يې جىيەنيىڭگە بولغان نازارەتنى كۈچەيتتى. يې جىيەنيىڭمۇ بۇ لالما ئىتنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بايقاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كىشىلەرنى بىخەرامان يۈرۈۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈردى. ئۇ ئۆز يېنىدا خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلارنى ئەگەشتۈرۈپ سەيلى قىلدى، ئۆزى دائىم ماڭىدىغان تاغ يولىغا «ئەزىمەتلەر داۋىنى» دەپ نام بەردى، يەنە دائىم بېرىپ تۇرىدىغان شىپاڭغا «جۇدۇن- چاپقۇنلۇق شىپاڭ» دەپ نام بەردى. ئەتراپىدىكى كىشىلەر بۇ سۆزنىڭ تېگى- تەكتىگە يېتەلمەي: «ھازىر بوران چىقىپ يامغۇر ياغىدىغاندەك ئەمەستۇۋا» دېگەندە، يې جىيەنيىڭ «بۇ ئارىدا ياغىدۇ، تاغ يامغۇرى بوراننى چىللايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن يې جىيەنيىڭ «جۇدۇن چاپقۇنلۇق شىپاڭ» نىڭ نامىنى «تورنا شىپاڭى» دەپ ئۆزگەرتتى. ئۇ شىپاڭدا تۇرۇپ «تورنىلار ئۇچۇپ كەتتى، شىمەندە ئورۇق قالدى، تورنىلار كۆكتە پەرۋاز قىلىپ تۆۋەنگە باقتى، تونار جايىنى بىلەلمىدى،... قايتىپ كېلەلەر، قايتىپ كېلەلەر، شىمەننىڭ تۇرۇقچىلىكى قالمىدى» دېگەن بىر كۇبلېت ناخشا تېكىستىنى قايتا- قايتا يادلاپ، بۇ كىمنىڭ شېئىرى؟ دەپ سورىدى. يې جىيەنيىڭ خىزمەتچىلەرگە ئۆزى جاۋاب بېرىپ، بۇ مەشھۇر ئەدىب سۇ دۇڭپونىڭ «تورنا شىپاڭى خاتىرىسى» شېئىرلار توپلىمىدىكى «تورنا ناخشىسى» دېگەن شېئىرى دەپ جاۋاب بېرىپ، مىسرامۇ مىسرا مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈردى. ئۇ شىمەندە ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇنلا ھېس قىلغانىدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ دېگەندەكلا تەمكىن، بىمالال قىياپەتتە يۈچۈەنشەنگە يۆتكىلىپ كەتتى.

يۈچۈەنشەننىڭ «يۈ چۈەندىكى ھەسەن- ھۈسەن» دېگەن مەشھۇر نامى بار بولۇپ، ئۇ قارلىغاچ تېغىدىكى سەككىز مەنزىرىلىك جاينىڭ بىرى ئىدى. 9-، 10- ئايلاردا يۈچۈەنشەن گۈزەل مەنزىرىسىگە چۆمۈلۈپ، ھاۋا تولىمۇ سالقىن بولاتتى. سۈپسۈزۈك تاغ سۈيىنىڭ يېنىك مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىپ ئېقىشى، قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. لېكىن يې جىيەنيىڭ بۇ گۈزەل تاغ مەنزىرىسى ئىچىدە مەستخۇش بولۇپ كەتمىدى، ئۇ جۇ ئېنلەينىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تاپشۇرۇقى بويىچە 9- نومۇرلۇق بىناغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. بۇنى سەزگەن ۋاڭ خۇڭۋېن ئامالسىز لىۋىنى چىشلەپ قالدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



↑ كىتاب بوغچىسى









↑ ئىش ۋە موكاپات



↑ ئومۇمىي خەلق سودا بىلەن شۇغۇللىنىش

تېمىسىز ←

